# مۇندەرىجە


❖ غەلبە ۋە ئۇستۇنلۇك چۇشەنچىسى.. ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى 3

❖ تەكفىر ئىقمى ۋە ئۇنىڭ خەتەرلىرى......مۇھەممەد يۇسۇپ 12

❖ بىدئەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان......ئابدۇلئەھەد ھاپىز 20

❖ «مەلھەمەتـــــۇل كــــۇبرا» ھەدىســــــنى قانـــــداق چۈشىنىمىز................. دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا 28

❖ ئىسلام دىنىدا ئاياللار ھوقۇقى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىـــيەت تارىخىدىكى ئىزنالىرى ............. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد 35

❖ ئىسلامدا جىھاد ئۇقۇمى..............سىراجىدىن ئەزىزى 41

❖ ئىراقنىـــــڭ ئومــــۇمىي ئەھۋالىغـــــا بىــــر نەزەر (1) ..................................ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 48

❖ دۆلەت ۋە ئىستىخبارات (2) ...........مۇھەممەد بۇغرا 55

❖ ئىمان بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر.........نۇرىدىن ھەققۇلى 64

❖ دۈشـــمەن بىـــلەن ھەرگـــز جىھـــاد قىلالمـــايمىز.... ...........................ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى تەرجىمىسى 67

❖ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنى پىشۋاسى مــۇھەممەد قۇربــان دامــوللا ھاجىم..................................ئابدۇجېلىل تۇران 73

❖ ئوقۇرمەنلەر سىمىگە.... «مەرىپەت ژۇرنىلى» تەھرىراتى 80



المعرفة

مەرىپەت ژۇرنىلى

دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2016

1- سان
(ئومۇمىي 14- سان)

ژۇرنال مەسئۇلى:
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى:
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلەر:
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمىدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر- تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز:
Meripetjournal@gmail.com

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز

مۇنبەر ئادرېسى:
WWW. Merifet. net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم
ھېرىسمەنلىرىنى بىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا،
ھەرقانداق شەخس ياكى كوللىكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى،
ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ
ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل
قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى
ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز: **Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat**
**Sefaköy Küçükçekmece Istanbul** **TEL: 0212-6243928**

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلار ئاپتورلارنىڭ كۆز قارىشى ۋە چۈشەنچىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماقالىلارنىڭ ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى بارلىق ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا خاس!




ئىسلام ئۇممىتى ئىنتايىن قىيىن بىر شارائىتنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە. بۇ ئۇممەتنىڭ ئاللاھنىڭ خەلق، مىللەت، جەمئىيەت ۋە دۆلەتلەردىكى قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ يول خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىپ چىقىپ بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف نۇرى ئاستىدا غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى ئەتراپلىق چۈشىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ھازىرقى زاماندا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى ئانچە ئاسان ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس. بۇ ئۇممەت تۈرلۈك زۇلۇملارغا ۋە دەھشەتلىك باستۇرۇشلارغا دۇچ كېلىۋاتقان، دۈشمەنلەر بۇ ئۇممەتنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ جار سېلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى ۋە مۇجتەھىد ئالىملىرى بۇ ئۇممەتنىڭ غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ۋاقتىنىڭ ناھايىتى ئاز قالغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە. بۇ ئۇممەت ئاللاھنىڭ زېمىنغا ياخشى بەندىلىرىنى ۋارىس قىلىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىسىگە چىن دىلىدىن ئىشىنىدۇ. «بىز لەۋھۇلمەھپۇزدا (ئەزەلدە) يازغاندىن كېيىن، (داۋۇدقا نازىل قىلىنغان) زەبۇردا زېمىنغا ھەققەتەن مېنىڭ ياخشى بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ دەپ يازدۇق»[1] «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن

[1] سۈرە ئەنبىيا 105 ـ ئايەت.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

تالللغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى»[1]

بۇ ئۇممەت دۈچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىۋاتقان ۋە ئېغىرلىشىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىتىۋرۇلۇپ سۆزلىنىشى نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۈمىدسىزلىنىش ئەھۋالى تارقىلىپ، بەزىلەرنىڭ زېھنىدە بۇ ئۇممەت ئەمدى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دېگەن قاراش ھۆكۈمران بولۇۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، پەيداكار ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا چىقىپ بۇ ئۇممەتكە يۈزلەنگەن كېسەللەرگە ياخشى دىئاگنوز قويۇپ، ئۈنۈملۈك رېتسېپلارنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۈيقەستلىرىنى پاش قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش، ھەتتا باش كۆتۈرگۈزمەسلىك رەزىل تاكتىكىلىرىدىن بۇ ئۇممەتنى ئاگاھلاندۇرماقتا. غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىز چوقۇم غەلىبە قىلىمىز ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىمىز دېگەن قەتئىي ئىرادىگە كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەھۋال ھەققەتەن خەتەرلىك، دۈشمەنلەر كېچە ـ كۈندۈز ھەرىكەتتە. شۇڭا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. داۋاملىق ئىزدىنىشكە ۋە تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇممەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋىجدانىنى ئويغىتىدىغان، ئىمان ـ ئىشەنچىنى كۈچەيتىدىغان، ئىرادىنى مۇستەھكەملەيدىغان، ئۇممەتنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ سەۋەب ۋە يوللىرىغا باشلايدىغان، بۇ يولدا قانداق مېڭىش كېرەكلىكىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان يېتەكچىلەرگە، ئەمەلىيىتى سۆزىنى ئىسپاتلايدىغان راستچىل ۋە سەمىمىي دەۋەتچىلەرگە ناھايىتى مۇھتاجدۇر.

يېرىم ئەسىرلىك تارىخ ۋە تەجرىبىلەر غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىخلاس ۋە ئاق كۆڭۈل بولۇشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، بەلكى ئىخلاس بىلەن بىرگە، ئىسلامغا ئۇيغۇن بولۇش تېپىلمىغاندا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم يەكۈنلىدى. بۇنىڭدىن ئىسلامدا ھەرقانداق ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن ئىخلاس ۋە ئىسلامغا ئۇيغۇن بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى شەرتنىڭ تەڭ تېپىلىشى ۋە بۇ ئىككى شەرتنىڭ بىرى تېپىلىپ يەنە بىرى تېپىلمىسا، ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولماسلىقىنىڭ سىر ـ ھېكمەتلىرىنى قايتا تونۇپ يەتسەك كېرەك.

كۆرۈنۈشتە ئىسلامغا ئۇيغۇندەك كۆرۈنگەن بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆتكەن يېرىم ئەسىرلىك تارىخى ھەققەتەن

[1] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىنساننى ئويلاندۇردى. بولۇپمۇ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سىر - مەخپىيەتلىرىنىڭ، پىلانلىرىنىڭ ھەتتا كونتروللىقلىرىنىڭ دۇنيادىكى ۋەھشى ۋە جاھانگىر كۈچلەرنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەنلىكى، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىپ، جاھانگىرلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى، ئەينى دەۋردە پۈتۈن تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدە «مۇجاھىدلار» دەپ كۆككە كۆتۈرۈلۈپ ئەتىۋارلانغانلارنىڭ كېيىن «تېررورچىلار»، «ئاشقۇنلار» دەپ تەنقىدلىنىشكە باشلانغانلىقى قاتارلىقلار ئىنساننى قاتتىق ئويغا سالدۇ ۋە ئېچىندۇردى. غەرب ئەللىرىنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىسلام ھەرىكەتلىرىنى سۇيىئىستېمال قىلغانلىقىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

خاتالىقلاردىن دەرس ئېلىپ بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملەرنىڭ توغرا بېسىلىش ئۈمىدى بىلەن غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ سەۋەب ۋە يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدا، دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىينىڭ «قۇرئان كەرىمدىكى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى» دېگەن كىتابى، تەتقىقاتچى سەييىد مۇھەممەد يۈسۈفنىڭ «قۇرئان كەرىم نۇرى ئاستىدا ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئۈستۈنلۈك» دېگەن كىتابى قاتارلىق بىر يۈرۈش كىتابلارنى ۋە بۇ ھەقتە يېزىلغان بەزى قىممەتلىك ماقالىلارنى ئوقۇپ نۇرغۇن مەلۇماتلارغا ئىگە بولدۇم. بۇ مەلۇماتلاردىن قېرىنداشلار بىلەن ئورتاق بەھرىلىنىش نىيىتى بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. مەن بۇ ماقالىدە دوكتۇر ئەلى مۇھەممەد سەللابىينىڭ «قۇرئان كەرىمدىكى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى» دېگەن كىتابىدىن ئالاھىدە پايدىلاندىم، ھەتتا بۇ ماقالىنى ئۇ كىتابنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلگەن تەرجىمىسى ياكى خۇلاسىسى دېسەممۇ بولىدۇ. ئاللاھ خالىسا، مەن بۇ ماقالىدە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرى، شەرت ۋە سەۋەبلىرى، باسقۇچ ۋە نىشانلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە ئەتراپلىق توختىلىشقا تىرىشىمەن.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كۆپىنچىسى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنى تار مەنىدە چۈشىنىۋالغانلىقتىن ئەتراپتىكى ئەھۋاللاردىن ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك ھەققىدە كەلگەن بېشارەتلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىماقتا. ۋاھالەنكى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك ھەققىدە نۇرغۇن بېشارەتلەر، شۇنىڭدەك غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ ھەرخىل شەكىل ۋە تۈرلىرى، شەرت ۋە سەۋەبلىرى، باسقۇچ ۋە نىشانلىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

قاتارلىقلارغا ئۇچۇق ئىشارەتلەر بار بولۇپ، تۆۋەندە مىسال تەرىقىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمەن. ئاللاھ تائالا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك (يەنى يۇسۇفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۇسۇفنى (مىسىر) زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق»[1] «بىز يۇسۇفنى (مىسىر زېمىنىدا خالىغان جايىدا تۇرىدىغان (مەملىكەتنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغان) قىلىپ يەرلەشتۈردۇق»[2]

بۇ ئىككى ئايەت ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە ئاۋۋالقى ئايەتنىڭ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇدۇقتىن قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن مىسىر زېمىنىغا يەرلەشتۈرۈلۈپ، قىسمەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىككە، ئىككىنچى ئايەتنىڭ بولسا، يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسىر زېمىنىدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەنلىككە ئىشارەت قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىمىز.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى سەۋەبلىرىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «دۈشمەنلىرىڭلار (بىلەن ئۇرۇش قىلىش) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار.»[3]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۈستۈنلۈكنىڭ شەرتلىرىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىنىنى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ»[4]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۈستۈنلۈكنىڭ غايە ـ نىشانلىرىغا ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ»[5]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە زۇلقەرنەيننىڭ ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرگەنلىككە ۋە ئۇنىڭ بۇ نېمەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر ئېيتقانلىقىغا

[1] سۈرە يۇسۇف 21 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە يۇسۇف 56 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نۇر 55 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ھەج 41 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق»[1] «زۇلقەرنەيىن ئېيتتى: «ئاللاھنىڭ ماڭا بەرگەن نەرسىلىرى (يەنى كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە پادىشاھلىق سىلەرنىڭ ماڭا بېرىدىغان مېلىڭلاردىن) ئارتۇقتۇر، ماڭا ئادەم كۈچى ياردەم قىلىڭلار، ئۇلار بىلەن سىلەرنىڭ ئاراڭلارغا مۇستەھكەم بىر توسما سېلىپ بېرەي»[2]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇستۇنلۇككە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ بەزى سۈپەتلىرىگە ئىشارەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا باش ئەگمەيدىغان، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ»[3]

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە بىر قانچە ئورۇندا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن باشلاپ داۋۇد ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدىكى ئۇستۇنلۇك باسقۇچلىرىغا ئىشارەت قىلىدۇ.

[1] سۈرە كەھف 84 ـ ئايەت.
[2] سۈرە كەھف 95 ـ ئايەت.
[3] سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

## ئۇستۇنلۇكنىڭ شەكىل ۋە تۈرلىرى

غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇك ھەرخىل شەكىللەردە كېلىدۇ. لېكىن بەزىلەرنىڭ غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇك چۈشەنچىسى تار دائىرىدە بولغانلىقتىن پەقەت ئۆزلىرى غەلىبە دەپ قارىغانلىرىنىلا غەلىبە، قالغانلىرىنى مەغلۇبىيەت دەپ چۈشىنىۋېلىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ زىيان تارتىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئىشلارنى تاشقى كۆرۈنۈشلىرى بىلەنلا ئۆلچەپ، نۇرغۇن ھەقىقەتلەردىن غاپىل بولىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىنى يورۇتۇش ئۈچۈن يەنە «قۇرئان كەرىم»گە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ياردەم، غەلىبە ۋە ئۇستۇنلۇك قاتارلىقلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز پەيغەمبەرلىرىمىزگە، مۇئمىنلەرگە ھاياتىي دۇنيادا ۋە (پەرىشتە، پەيغەمبەر ۋە مۇئمىنلەردىن بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىگە گۇۋاھ بولىدىغان) گۇۋاھچىلار ھازىر بولىدىغان كۈندە ئەلۋەتتە ياردەم بېرىمىز»[4] «(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى

[4] سۈرە غافىر 51 ـ ئايەت.

ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى)، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۆئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى»[1] «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر ئاللاھنىڭ (دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمىنىڭلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ، قەدەمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ»[2] «بىزنىڭ پەيغەمبەر بەندىلىرىمىز ھەققىدىكى سۆزلىرىمىز ئالدىنئالا ئېيتىلغان. ئۇلار چوقۇم نۇسرەت تاپقۇچىلاردۇر. بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.»[3]

بۇ ئايەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دەۋەتچىلەرگە ئاخىرەت كۈنىدىن بۇرۇن بۇ دۇنيادا ياردەم بېرىدىغانلىقىغا، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىپ، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدىغانلىقىغا ئۈچۈق ئىشارەت قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە كاپىرلارنىڭ يەھيا ۋە زەكەرىيا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشىغان ئاللاھ تائالانىڭ بەزى پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، مۇھەممەد ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشىغان يەنە بەزىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى كاپىرلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ساقلاپ قالغانلىقى قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىمىز. شۇنىڭدەك بەزى مۆئمىنلەرنىڭ تۈرلۈك ئازابلارغا دۇچ كەلگەنلىكى، ئوت يېقىلغان ئورەكلەرگە تاشلانغانلىقى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھ يولىدا سەۋر قىلىپ ۋە ئەجرى ئۈمىد قىلىپ ھەق يولىدىن يانماي شېھىت بولغانلىقى قاتارلىقلارنى تاپىمىز. ئۇنداقتا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقى ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىلىرى قېنى؟

سەييىد قۇتۇپ رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە دەل مۇشۇ ئىشكتىن كىرىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا باشلايدۇ. ئىنسانلار ئىشلارنى تاشقى كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئۆلچەپ، نۇرغۇن ھەقىقەتلەردىن غاپىل بولىدۇ.

ئىنسانلار قىسقا زامان ۋە چەكلىك ماكان بىلەن بىلەن ئۆلچەيدۇ. مانا بۇ ئىنسانىيەت ئۆلچەملىرىدۇر. ئامما ئومۇمى ئۆلچەم بولسا مەسىلىنى زامان-ماكانغا باغلاپ قويماي كەڭ دائىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇشتۇر. ئىمان، ئېتىقاد مەسىلىسىگە قارىساق ئۇنىڭ شەكسىز غەلىبە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

شۇنىڭدەك، ئىنسانلار غەلبىنىڭ

---

[1] سۈرە رۇم 47-ئايەت.
[2] سۈرە مۇھەممەد 7-ئايەت.
[3] سۈرە سافقات 171-، 172-، 173-ئايەتلەر.

مەنىسىنى ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق، كۆزلىرىگە يېقىن بولغان مۇئەييەن شەكىلگە يىغىنچاقلاپ چۈشىنىۋالىدۇ. لېكىن غەلىبىنىڭ شەكىللىرى ھەر خىل بولىدۇ، قىسقا نەزەر بىلەن قارىغاندا بەزىلىرى مەغلۇبىيەت شەكىللىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا ئەقىدە ۋە دەۋىتىدىن قايتمىدى. ئۇ ئوتقا تاشلانغاندا غەلىبىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چوققىسىدا بولدى، ئۇ ئوتتىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلدى»①

يۈز يىللاردىمۇ قولغا كەلمىگەن نەتىجىلەرنىڭ شېھىتلەرنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن قولغا كېلىشى بەزىلەرنىڭ ئەينىكىدە مەغلۇبىيەت شەكلىدە كۆرۈنگەن شېھىتلىكنىڭ غەلىبىنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى بار بولۇپ، دىننى يەتكۈزۈش، دۈشمەنلەرنى مەغلۇپ قىلىش ۋە دۆلەت قۇرۇش قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

## دىننى يەتكۈزۈش

ئاللاھ تائالانىڭ دەۋەتچىلەرنى دىننى يەتكۈزۈشكە، ئامانەتنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغانلىقى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئۇنىڭ بىر قانچە نەمۇنىلىرىگە ئىشارەت قىلىدۇ:

### بىرىنچى ئەنتاكىيە ئاھالىسى ۋەقەلىكى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(كۇففارلارغا) (ئەنتاكىيە) شەھىرى ئاھالىسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارغا پەيغەمبەرلەر كەلگەن ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇلارغا ئىككى پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق. ئۇلار ئۇ ئىككى پەيغەمبەرنى ئىنكار قىلدى. ئۈچىنچى پەيغەمبەرنى ئەۋەتىش بىلەن (ئۇلارغا) ياردەم قىلدۇق، پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا): «بىز ھەققەتەن (ئاللاھنىڭ) (سىلەرنى ھىدايەت قىلىشقا) ئەۋەتىلگەن ئەلچىلىرىمىز» دېدى. ئۇلار: «سىلەر پەقەت بىزگە ئوخشاش ئىنسان، مېھرىبان ئاللاھ ھېچ نەرسە نازىل قىلغىنى يوق، سىلەر پەقەت يالغانچىسىلەر» دېدى. پەيغەمبەرلەر: «پەرۋەردىگارىمىز بىلىدۇكى، بىز شەك ـ شۈبھىسىز سىلەرگە ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەرمىز. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز پەقەت (روشەن دەلىللەر بىلەن) چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىشتۇر» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبەرلەرگە): بىز سىلەردىن شۇم پال ئالدۇق. ئەگەر سىلەر (دەۋىتىڭلارنى) توختاتمىساڭلار، سىلەرنى چوقۇم تاش ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمىز ۋە بىزنىڭ قاتتىق جازايىمىزغا ئۇچرايسىلەر، دېدى»②

① فى زىلالىل قۇرئان

② سۈرە ياسىن 13 ـ 18 ئايەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگىنىمىزدە غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ تۆۋەندىكىدەك شەكىل ۋە تۈرلىرى نامايان بولىدۇ:

1 ـ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنى دىننى يەتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى. ئۇلار شەھەر ئاھالىسىنىڭ شەك ـ شۈبھىلىرىگە، تەھدىتلىرىگە باش ئەگمەستىن ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىغان ھەرقانداق كىشى غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

2 ـ شەھەر ئاھالىسىدىن بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىنى ئۈچۈق ئاشكارە قوللىغانلىقى ۋە قەۋمىنى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە چاقىرغانلىقى. مانا بۇ، پەيغەمبەرلەر ئۈچۈنمۇ ۋە ئۇ كىشى ئۈچۈنمۇ چوڭ غەلىبە ھېسابلىنىدۇ. «شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن (ھەبىب نەجار دېگەن) بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىڭلار»[1]

3 ـ شەھەرنىڭ يىراق جايىدىن كەلگەن كىشىنىڭ شېھىتلىككە نائىل بولىشى. بۇ ھەم تەۋھىد دەۋىتى ئۈچۈنمۇ ۋە ئۇ كىشى ئۈچۈنمۇ چوڭ غەلىبىدۇر. چۈنكى ئۇ كىشى ئۇدۇل جەننەتكە كىرىش شەرىپىگە نائىل بولۇش بىلەن بىرگە، شېھىتلىك قىنى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىگە ھەقىقەتنىڭ ئۆچمەس مۆھۈرىنى باسالىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى تەۋھىد ئەقىدىسى ئۇنى ئۆز نەپسىنى يېڭىپ، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلغان قەۋمىگە ئاداۋەت تۇتماستىن بەلكى قەۋمىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ھېرىس قىلدى. مانا بۇمۇ يەنە بىر چوڭ غەلىبە ھېسابلىنىدۇ. «(قەۋمى ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا) «جەننەتكە كىرگىن» دېيىلدى، ئۇ: كاشكى قەۋمىم پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا مەغپىرەت قىلغانلىقىنى ۋە مېنى ھۆرمەتلىكلەردىن قىلغانلىقىنى بىلسە ئىدى، دېدى»[2]

تەۋھىد دەۋىتىنىڭ شەھەرنىڭ يىراق يەرلىرىگە يېتىپ بارغانلىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ چوڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتەنلىكىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەت خىزمىتىدە غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر.

4 ـ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ۋە شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن كەلگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن قەۋمىنىڭ قاتتىق ئاۋازدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ھالاك بولغانلىقى. «ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قەۋمىنى (جازالاش ئۈچۈن) ئاسماندىن قوشۇن (يەنى پەرىشتىلەر) چۈشۈرمىدۇق (ھەر قەۋمنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن پەرىشتىلەرنى) چۈشۈرۈۋەرگۈچى بولمىدۇق. پەقەت بىر ئاۋاز بىلەنلا ناگاھان ئۇلار قىتىپ قالدى»[3]

بۇ كىشى قەۋمى ئىچىدە مەنسەپدار ياكى ئابرۇيلۇق كىشى ئەمەس ئىدى.

---

[1] سۈرە ياسىن 20 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ياسىن 26 ـ ، 27 ـ ئايەتلەر.

[3] سۈرە ياسىن 28 ـ ، 29 ـ ئايەتلەر.

لېكىن ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك ئەقىدە ئۇنى شەھەرنىڭ يىراق يېرىدىن كېلىپ ھەقنى يەتكۈزۈشكە ئۈندىدى.

ئۇنىڭدىكى ھەقىقى ئىمان ئۇنىڭغا ھەقنى يەتكۈزۈش قىزغىنلىقىنى، ھەقنى يەتكۈزۈشتە ھېچكىمدىن قورقماسلىقنى، تەمكىن بولۇشنى ۋە باشقىلارنىڭمۇ ھىدايەت تېپىشىنى ئۈمىد قىلىشنى ئاتا قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇشۇنداق بىر ئەركەكنى ئىمان ۋە دەۋەت كارۋىنىغا قوشۇۋالالىغانلىقى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر. ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى مۇشۇنداق ئەركەكلەر قوبۇل قىلغاندا دەۋەت خىزمەتلىرى غەلىبىلىك بولىدۇ.

ھايات كۆرەش دېمەكتۇر، ھەقىقى ئەركەكلەر جىنسىيتى ياكى ياش ئۆلچىمى بىلەن ئەمەس بەلكى مەسىلىلەرگە قارىتا مەيدانلىرى بىلەن تونۇلىدۇ. مانا بۇ ۋەقەلىكتىكى كىشى ناھايىتى كەسكىن بىر ۋەزىيەتتە ئىمان ئېيتقانلىقىنى جاكارلىدى، تەھدىتكە ئۇچراۋاتقان پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشتى ۋە قەۋمىنىمۇ ئۇلارغا ئەگىشىشكە چاقىردى، كۆز ئالدىدىكى خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، زالىم كۈچكە جەڭ ئېلان قىلدى.

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش يولىدا كۆرەش قىلىۋاتقانلار ئۆزلىرىدە چوقۇم ئەركەكلىك سۈپەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشكە ۋە سەپلىرىگە مانا مۇشۇنداق ئەركەكلەرنى قوشۇۋېلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

دەۋەتچىلەر ھەقنى يەتكۈزۈشتە مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن قورقمايدىغان ۋە خەلققە: «مەن ھەقىقەتەن (سىلەرنى ياراتقان) پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىمان ئېيتتىم (ئىمانىمغا) قۇلاق سېلىڭلار (ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار)»① دېيەلەيدىغان مانا مۇشۇنداق ئەركەكلەرنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى لازىم.

غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك ھەقىقەتنىڭ ساداسىنى باشقىلارغا ئاڭلىتالايدىغان ئەركەكلەرگە مەنسۇپتۇر. ھاياتنىڭ ھۇزۇر ھالاۋىتى ۋە گۈزەللىكى ھەقىقەتنىڭ غەلىبە قىلىشى ۋە باتىلنىڭ پاچاقلىنىپ تاشلىنىشى بىلەن بولىدۇ.

ئىمان ئىگىلىرى داۋاملىق پايدا ئالغۇچىلاردۇر. جەننەتنىڭ، مەڭگۈلۈك نېمەت ۋە ئەبەدىي ھاياتنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى، ئۆمرىنى ۋە ھاياتىنى تەقدىم قىلىش ئاللاھنىڭ مۆئمىنگە بەرگەن ئاتاسى ۋە پەزلى كەرىمى بولۇپ، مانا بۇ ئەڭ چوڭ پايدا ۋە ئەڭ چوڭ غەلىبىدۇر.

ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇپ جەننەتكە كىرىش ئۈستۈنلۈكنىڭ بىر تۈرى بولسا، دەۋەتچىلەرگە قارشى تۇرغان زالىملارنىڭ يوقىتىلىشى ئاللاھ تائالا ياخشى بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان غەلىبىنىڭ يەنە بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

ـــ داۋامى كېيىنكى ساندا...

① سۈرە ياسىن 25 ـ ئايەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تەكفىر ئېقىمى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى (2)



مۇھەممەد يۈسۈپ

بۇ ماقالىنىڭ ئادىنقى قىسمىدا تەكفىر ئېقىمىنىڭ كېلىپ چىقىشى، كۇفرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە توختالغان ئىدۇق. تۆۋەندە، مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرى، ئىمانغا زىت كېلىدىغان ئىشلار، گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ ئىمانغا بولغان تەسىرى ۋە ئىماننىڭ ئاجىزلىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە توختىلىمىز.

## كىشىلەر ئىسلام دىنىغا قانداق كىرىدۇ؟

كىشىلەر ئىسلام دىنىغا « لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ – ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دېگەن كەلىمە تەييىبەگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش ئارقىلىق كىرىدۇ. بۇ كەلىمىنى ئېيتقان كىشىگە مۇسۇلمانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشى ئىسلام ئۈممىتىدىن سانىلىدۇ. بۇنىڭ دەلىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەلىمە تەييىبەنى ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغان كىشىنىڭ مۇسۇلمانلىقىنى قوبۇل قىلىپ ئۇنى ئىسلام ئۈممىتىدىن ھېسابلايتتى. بىرەر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ كەلىمە تەييىبەنى ئېيتىپ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېلان قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىمانىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئۇنى مۇسۇلمانلاردىن سانايتتى.

2. ئىمام بۇخاري ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:« رەسۇلۇللاھ بىزنى جۇھەينە قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەن ئىدى، بىز ئۇلارنى يەڭدۇق. بۇ ئارىدا مەن ئەنسارلاردىن بولغان بىر كىشى بىلەن بىرلىكتە بىر مۇشرىك ئادەمگە قىلىچ تەڭلىدۇق، بۇ ئادەم ‹لائىلاھە ئىللەللاھۇ› دېگەن كەلىمەنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن يېنىمدىكى ئەنسار قىلىچىنى ئۇنى

ئۆلتۈرۈشتىن ۋاز كەچتى، ئەمما مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ ۋەقەلىكنى ئاڭلاپ ناهايىتى قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ماڭا كايىپ (لائىلاهە ئىللەللاھ) دېگەن ئادەمنىمۇ ئۆلتۈرەمسەن؟ دېۋىدى، مەن «يارەسۇلۇللاھ! ئۇ ئادەم قىلىچتىن قورقۇپ شۇنداق دېدى» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ماڭا:« سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆردۇڭمۇ؟» دەپ ئاچچىقلاندى».

## ئىمانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ

گۇناھكار بولسىمۇ ئىمانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم مۇنۇ ئىككى ئىشقا ئېرىشىدۇ:

1. دوزاختا مەڭگۈ قالماسلىق. زىنا، ئوغرىلىق، هاراق ئىچىش، جازانە قىلىش قاتارلىق هارام ئىشلارنى قىلىپ سېلىپ، گۇناهلىرىغا تەۋبە قىلماي ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم قىلمىشىغا لايىق دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرى جەننەتكە كىرىدۇ. چۈنكى قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بولغان كىشىنىڭ دوزاختا قالمايدىغانلىقىغا ئەهلى سۈننەت ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« جەننەتكە لايىق بولغانلار جەننەتكە، دوزاخقا لايىق بولغانلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ : ‹قەلبىدە قىچا چاغلىق ئىمانى بارلارنى دوزاختىن چىقىرىڭلار›دەپ پەرمان قىلىدۇ»[①].

2. جەننەتكە كىرىش. گۇناھكار كىشى گەرچە جەننەتكە دەسلەپ كىرىدىغانلار قاتارىدا كىرەلمىسىمۇ، گۇناهلىرىغا لايىق دوزاختا ئازابلىنىپ بولغاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدۇ. ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم قاتارلىقلار ئەبۇزەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: « قانداقلا بىر بەندە (لائىلاهە ئىللەللاهۇ مۇهەممەددۇن رەسۇلۇللاھ)دەپ ئىمان ئېيتىپ، شۇ ئىمانى بويىچە ئۆلىدىكەن، ئۇ چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ».

يەنە ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم قاتارلىقلار ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:« كىمكى (لائىلاهە ئىللەللاهۇ مۇهەممەدۇن رەسۇلۇللاھ) دەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا دوزاخنى هارام قىلىدۇ».

مۇهەددىس ئالىملار يۇقىرىقى ھەدىسلەردىكى :«جەننەتكە كىرىش» دېگەندىن ئەڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ بىر قېتىم جەننەتكە كىرىدىغانلىقى، « دوزاخنى هارام قىلىدۇ» دېگەندىن دوزاختا مەڭگۈلۈك قالمايدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا.

## ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللار:

كەلىمە تەييىبەگە چىن دىلىدىن ئىشىنىپ، ئۇنى تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ،

---

① ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

مۇسۇلمان بولغان ئادەم شۇ ئىماننىڭ تەقەززاسى بويىچە، ئىسلام شەرىتىدە بۇيرۇلغان جىمى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئەھكاملارنى رەت قىلىش ياكى قوبۇل قىلىش خۇسۇسىدا ئىختىيارى بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز قانائىتى بىلەن ئېيتقان ئىمانى ئۇنىڭغا بۇ مەجبۇرىيەتنى يۈكلىگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: (ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر - ئايال مۇئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ)[1]. ((پەيغەمبەر) مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار: «ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر)[2].

ئىسلام دىنىنىڭ پەرز، ۋاجىب، ھارام، جازا قاتارلىق ئەھكاملىرى ئىچىدە «قۇرئان كەرىم» ۋە سەھىھ ھەدىسلەر ئارقىلىق كەسكىن بېكىتىلگەن، ھەممە كىشىنىڭ نەزىرىدە شەك قوبۇل قىلمايدىغان دەرىجىدە مۇئەييەنلەشكەن مەسىلىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنى ئىسلام ئۆلىمالىرى «دىندىن ھەركىم ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەر» دەپ ئاتايدۇ. بۇ مەسىلىلەر: بەش ۋاخ ناماز، زاكات ۋە روزا قاتارلىق ئىسلام ئىبادەتلىرىنىڭ پەرز ئىكەنلىكى، ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا- ئانىنى قاقشىتىش، زىنا قىلىش، جازانىخورلۇق قىلىش، ھاراق ئىچىش، گۇناھسىز كىشىلەرنى قارىلاش قاتارلىق چوڭ گۇناھلار ۋە نىكاھ، تالاق، قىساس قاتارلىقلاردۇر.

يۇقىرىقى «دىندىن ھەركىم ياخشى بىلىدىغان مەسىلىلەر»دىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ياكى رەت قىلغان ۋە ياكى مەسخىرە قىلغان ئادەم چوقۇم كاپىر بولىدۇ.

## چوڭ گۇناھلار ئىمانى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئەمما ئىماندىن چىقارمايدۇ

چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ ئىمانى ئاجىزلىشىدۇ، ئۇ گۇناھىغا تەۋبە قىلمىغاي گۇناھ قىلىۋەرگەسېرى ئىمانى تېخىمۇ ئاجىزلىشىدۇ، ئەمما ئەگەر ئۇ كىشى شۇ گۇناھلارنى جائىز ساناپ ياكى ھارام ئىشلارنى ھالال ساناپ قىلمىغانلا بولسا، ئۇ كىشى ئىماندىن چىقىپ كەتمەيدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى مۇنۇلار:

1. ئەگەر چوڭ گۇناھلار كىشىنىڭ ئىماندىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان بولسا، گۇناھ قىلغان مۇسۇلمان بىلەن دىننى ئىنكار قىلغان كاپىر ئىسلام نەزىرىدە ئوخشاش بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەمما «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس ۋە ئىجما قاتارلىق ئىسلام مەنبەلىرى گۇناھكار مۇسۇلمانىنى كاپىرلاردىن سانىمايدۇ.

---

[1] ئەھزاب سۈرىسى 36 ـ ئايەت.
[2] نۇر سۈرىسى 51 ـ ئايەت.

2. «قۇرئان كەرىم» قاتىلنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن دىنىي قېرىنداش دەپ ئاتىغان: ( ئى ئىمان ئېيتقانلار! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش سىلەرگە پەرز قىلىندى، ھۆر ئادەم ئۈچۈن ھۆر ئادەمدىن، قۇل ئۈچۈن قۇلدىن، ئايال ئۈچۈن ئايالدىن قىساس ئېلىنىدۇ. قاتىل ئۈچۈن (دىنىي) قېرىندىشى تەرىپىدىن بىر نەرسە كەچۈرۈلۈم قىلىنسا (يەنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسى قاتىلدىن دىيەت ئېلىشقا رازى بولۇپ قىساس ئېلىشتىن ۋاز كەچسە، ئۇ دىيەتنى قاتىلدىن) چرايلىقچە تەلەپ قىلىشى لازىم)[1]. بۇ ئايەتتە قاتىل گەرچە ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇ ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ ئىگىلىرىگە نىسبەتەن دىنىي قېرىنداش ئىكەنلىكىدىن چىقىپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ناھەق ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەممۇ كاپىر بولمايدۇ. يەنى قاتىل ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى ھالال سانىمىغان بولسىلا، ئۇ قاتىللىقى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

3. «قۇرئان كەرىم» بىر - بىرىگە قىلىچ تەڭلەشكەن ئىككى پىرقە مۇسۇلمان كىشىلەرنىمۇ «مۇئمىنلەر» ۋە «قېرىنداشلار» دەپ ئاتىغان. ( ئەگەر مۇئمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار قايتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار، (ھەر ئىشتا) ئادالەتلىك بولۇڭلار. شەكسىزكى، ئاللاھ ئادالەتلىك بولغانلارنى دوست تۇتىدۇ. مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن قېرىنداشلاردۇر. ئۇنداقتا، قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار )[2]. مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان بىلەن ئۇرۇش قىلىشى قەتئىي توغرا ئەمەس، بۇ چوڭ گۇناھلاردىن سانىلىدۇ. ئۇلار مۇنداق ئۇرۇشۇشنى ھالال ساناپ ئۇرۇشمىغان بولسىلا، ئۇلار كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:« ئەگەر ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە قىلىچ تەڭلىسە، ئۆلتۈرگۈچى ۋە ئۆلگۈچى ھەر ئىككىلىسى دوزاخقا كىرىدۇ»[3] دېگەن. ئىمام بۇخارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ئىككى كىشىنىڭ دوزاخقا كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى « ئىككى مۇسۇلمان» دەپ ئاتىغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان ئادەم ئەگەر بۇ گۇناھنى جائىز ياكى ھالال ساناپ قىلمىغان بولسىلا، ئۇ كىشى چوڭ گۇناھ سادىر قىلغانلىقى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدۇ، دېگەن پىرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغان.

4. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاراق ئىچكەن بىر ئادەمنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ جازالاشقا بۇيرۇغان بولۇپ، ئادەمگە قامچا

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەت.

[2] ھۇجۇرات سۈرىسى 9 ـ 10 ـ ئايەتلەر.

[3] ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، بەزى ساھابىلەر «ئاللاھ ئۇنى خار قىلسۇن!» دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر ئۇنداق دېمەڭلار، ئۇنىڭغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار»[①] دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتكە كۆرە: «سىلەر بۇ قېرىندىشىڭلارغا شەيتاننى ياردەمچى قىلماڭلار» دېگەن. ئەبۇ داۋۇد بۇ قىسسىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئۇنداق دېمەڭلار، پەقەت ‹ ئى ئاللاھ! ئۇنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن›دەڭلار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ گۇناھكارلارغا بولغان كەڭچىلىكى ۋە شەپقىتىدۇر. ھەتتا ھاراق ئىچكۈچى گۇناھى تۈپەيلى قامچا ئۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىنساني ھۆرمىتىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا، ھاقارەتلىنىشىگە ۋە لەنەتلىنىشىگە يول قويمىغان. بەلكى ئۇ ھاراق ئىچىش ئارقىلىق چوڭ گۇناھنى سادىر قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار سېپىدىن ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاراق ئىچكەن ئادەمنى «قېرىندىشىڭلار» دېگەنلىكى ۋە ئۇنىڭغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەشكە بۇيرۇغانلىقى ھاراق ئىچكەن ئادەمنىڭ كاپىر بولۇپ كەتمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى كاپىرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىندىشى دېگىلى بولمىغاندەك، ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلەشكىمۇ بولمايدۇ.

## ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا گۇناھلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن باشقا پۈتۈن گۇناھلار مەيلى چوڭ گۇناھلاردىن بولسۇن، مەيلى كىچىك گۇناھلاردىن بولسۇن، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ـ كەرەمى بىلەن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: ( ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىسىنى (ئاللاھ ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ)[②].

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەنلىك ئاللاھ تائالانى قويۇپ، مەخلۇقاتلاردىن بىرىنى ئىلاھ قىلىۋېلىپ چوقۇنۇش ياكى بىر تەرەپتىن ئاللاھ تائالاغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن مەخلۇقاتلارنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىپ قوشۇۋېلىش دېگەنلىكتۇر.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: « (ئاللاھ ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشنى ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ) دېگەن بۇ قائىدىنى شېرىكتىن قول ئۈزۈپ، تەۋبە قىلغانلارغا تەتبىقلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى گۇناھىغا تەۋبە قىلغان كىشى مەيلى شېرىكتىن تەۋبە قىلسۇن، مەيلى باشقا گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغان بولسۇن، بۇنىڭ پەرقى يوقتۇر، ئۇ چوقۇم ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى

① ئىمام بۇخارى رىۋايىتى

② نىسا سۈرىسى 116 ـ ئايەت.

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە :( (ئى پەيغەمبەر! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «ئى(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزىگە ئۇۋال قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. چۈنكى ئاللاھ جىمى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر) دېگەن»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە مۇنداق دېگەن:« سىلەر ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە، پاك كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلىماسلىققا، دىنىنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماسلىققا ئەھدە بېرىڭلار. كىمكى بۇ ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەجرىنى ئاللاھ تولۇق بېرىدۇ. كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالسا، دۇنيادا جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھتىن پاكلىنىدۇ، كىمكى بۇ گۇناھلاردىن بەزىسىنى قىلىپ سالغان بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ جازاسىنى كۆرمىگەن بولسا، بۇ ئاللاھقا تاپشۇرۇلىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا كەچۈرۈم قىلىدۇ.» [2]

يۇقىرىقى ھەدىس چوڭ گۇناھلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ بۇ گۇناھلىرى سەۋەبلىك كاپىر بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۆلىمالار: «بۇ ھەدىس چوڭ گۇناھلارنى قىلغانلار كاپىر بولىدۇ، دەپ بىلجىرلايدىغان خاۋارىجلارغا يېتەرلىك رەددىيەدۇر» دېگەن.

## كۇفرىنىڭ تۈرلىرى

كۇفرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئېتىقادتىكى كۇفرىلىقتۇر. ئېتىقادتىكى كۇپىرلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىسلام ۋە ئىماندىن چىقىپ كېتىش ئارقىلىق كاپىر بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالانى ياكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ياكى ئىسلام دىنىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش. كۇفرىنىڭ ئىككىنچى تۈردىكىسى ئەمەلدىكى كۇفرىلىق بولۇپ، ئەمەلدىكى كۇفرىلىقنى سادىر قىلغان ئادەم ئىماندىن چىقمايدۇ، ئەمما گۇناھكار بولىدۇ. بۇ كۇفرى بىلەن سۈپەتلەنگەن بەزى گۇناھلارنى سادىر قىلغانغا ئوخشاش. « مۇسۇلماننى ھاقارەتلەش ئېغىر گۇناھتۇر، ئۇنى ناھەق ئۆلتۈرۈش كۇفرىلىقتۇر»[3]، « زىنا قىلغۇچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، ئوغرى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ ۋە ھاراق ئىچكۈچى مۇئمىنلىك ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ»[4]، « كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى پەرق نامازدۇر. نامازنى تەرك قىلغان كىشى كاپىر بولغان بولىدۇ»[5] دېگەن ھەدىسلەر ۋە (كىملەركى، ئاللاھنىڭ چۈشۈرگىنى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر)[6] ۋە (نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر كۇفرىلىق قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم،

[1] شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالىرى 7 ـ توم 484 ـ بەت.
[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

[3] بۇخارى رىۋايىتى
[4] مۇسلىم رىۋايىتى
[5] ئەھمەت رىۋايىتى
[6] مائىدە سۈرىسى 44 ـ ئايەت

www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ)[①] دېگەن ئايەتلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. يۇقىرىقى ھەدىس ۋە ئايەتلەردىكى كۇفرى ھەقىقىي كۇفرى ئەمەس، بەلكى ئەمەلدىكى كۇفرىلىقتۇر. شۇڭا بۇلارنى سادىر قىلغانلار كاپىر بولمايدۇ.

بەزى ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن «كۇفرى» سۆزىنى «چوڭ كۇفرى» ۋە «كىچىك كۇفرى» دەپ ئىككىگە ئايرىغان. ئېتىقادتىكى كۇفرىنى« چوڭ كۇفرى» دېسە، ئەمەلدىكى كۇفرىنى «كىچىك كۇفرى» دەپ ئاتىغان. ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئەمەلدىكى كۇفرى بىلەن سۇپەتلەنگەنلەر دوزاخقا كىرسىمۇ، دوزاختا مەڭگۈلۈك قالمايدۇ ۋە ھەقىقىي «كاپىر»لاردىن بولۇپ كەتمەيدۇ. بەقەرە سۈرىسىدىكى: (ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتتى، بەزىسى كاپىر بولدى) [②] دېگەن ئايەتتىكى «كاپىر»لىق «چوڭ كۇفرى»نى ئىپادىلىسە، ئىنسان سۈرىسىدىكى: (شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسانغا (ياخشى - يامان) يولنى كۆرسەتتۇق، ئۇ مۆئمىن بولۇپ ياخشى يولدا مېڭىپ (ئاللاھنىڭ نېمىتىگە) شۈكۈر قىلغۇچىدۇر، ياكى (گۇناھكار بولۇپ يامان يولدا مېڭىپ) كۇفرىلىق قىلغۇچىدۇر) [③] دېگەن ئايەتتىكى كۇفرىلىق «كىچىك كۇفرى»نى ئىپادىلەيدۇ.

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما (كىمكى ئاللاھنىڭ چۈشۈرگەنلىرى بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر) [④] دېگەن ئايەتتىكى «كاپىرلار» دېگەن سۆزنى: «بۇ كۇفرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان كۇفرىدۇر»، يەنى كاپىر بولۇپ ئىماندىن چىقىپ كەتمىسىمۇ، ئېغىر گۇناھكار بولىدۇ، دەپ تەپسىر قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، «قۇرئان كەرىم»دە ۋە ھەدىسلەردە كەلگەن «كۇفرى» ياكى«كاپىر» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىقادتىكى كۇفرىنى ئىپادىلىگەندەك ئەمەلدىكى كۇفرىنىمۇ ئىپادىلەيدىغانلىقى قەدىمدىن بېرى ئۆلىمالار ئىتتىپاققا كەلگەن بىر مەسىلىدۇر.

## ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىتائەتچانلىقتا بىر خىل ئەمەسلىكى

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشتىكى دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ دەرىجىسى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىق مۇساپىسىمۇ بىر خىل بولمايدۇ. شۇڭا ئىسلام ئۆلىمالىرى قەدىمدىن « ئىمان كەم - زىيادە بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى بېكىتكەن. «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەر بۇ قائىدىنى قوللايدۇ ۋە كۈچلەندۈرىدۇ. چۈنكى بۇ قائىدە بۇ ئىككى ئاساسلىق مەنبەدىن ئېلىنغان. ئىنسانلارنى خۇددى پەرىشتىلەرگە ئوخشاش بارلىق خاتالىقلاردىن پاكتۇر، دەپ ئويلاش چوڭ خاتالىقتۇر. بۇ ئىنساننىڭ خاراكتېرىنى ۋە مىجەزىنى بىلمىگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلىپ

① ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت
② بەقەرە سۈرىسى 253 ـ ئايەت.
③ ئىنسان سۈرىسى3 ـ ئايەت.
④ مائىدەسۈرىسى 44 ـ ئايەت.

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: (ئاندىن بىز كىتابنى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىدۇر، بەزىسى ئوتتۇراھالدۇر ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. مانا بۇ چوڭ پەزىلى-كەرەمدۇر) [1].

يۇقىرىقى ئايەتتە، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»گە ۋارىس قىلغان ئىسلام ئۈممىتىنى ئۈچكە ئايرىغان:

1. (ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار) بولار پەرزلەرنى ئادا قىلىشتا بىپەرۋالىق قىلىدىغان ۋە مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى سادىر قىلىدىغانلاردۇر.

2. (ئوتتۇراھاللار) پەرزلەرنى ئادا قىلىدىغان، مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى تەرك ئېتىدىغان، بەزىدە سۈننەت ۋە بمۇستەھەب قاتارلىق ياخشى ئىشلارنى تەرك ئېتىدىغان ۋە ھارامدىن تۆۋەن گۇناھلارنى قىلىدىغانلاردۇر.

3. (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار) بولار بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب، سۈننەت قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق ئورۇندايدىغان، ھارام ۋە ھارامدىن تۆۋەن تۇرىدىغان يامان ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى قىلمايدىغان ۋە گۇناھقا چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇپ ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆرىدىغان كىشىلەردۇر [2].

[1] فاتىر سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

[2] تەپسىرى ئىبنى كەسىر 3 ـ توم 454 ـ 555 ـ بەتلەر.

يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك كىشىلەر گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى قىلىپ ئۆزىگە ئۇۋال قىلىش، بۇيرۇلغان ئەمەللەرنى ئورۇنداپ مەنئى قىلىنغان ئىشلاردىن يېنىش ئىشىدا بىپەرۋالىق قىلىشتەك كەمچىلىكلىرى بار تۇرۇپ، يەنە ئۇلار ئاللاھ تائالا تاللىغان كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

مۇپەسسىرلەرنىڭ پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن:« ئۇلار ئاللاھ ئۆزى چۈشۈرگەن كىتابلارنىڭ مىراسچىلىرى بولغان ئىسلام ئۈممىتىدۇر. ئۇلاردىن (ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچىلار)نىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ ئۆزى مەغپىرەت قىلىدۇ، (ئوتتۇراھاللار)نىڭ ھېساب بېرىش ئىشلىرىنى ئاللاھ ئاسان قىلىدۇ، ئەمما ( ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار) ھېساب ـ كىتاب قىلىنماستىنلا ئۇدۇل جەننەتكە كىرىپ كېتىدۇ»[3].

(ئۆزىگە ئۇۋال قىلغۇچى) ئۈچۈن مەغپىرەت قىلىنىدىغان گۇناھ ئادەتتىكى گۇناھلارنىلا ئەمەس، بەلكى چوڭ گۇناھلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن:«ئادەم بالىسىدىن گۇناھ قىلمايدىغىنى يوق. گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان ھەر قانداق كىشى ئايەتتىكى (ئوتتۇراھاللار) ياكى (ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلار)نىڭ قاتارىغا كىرىدۇ» .

[3] ئالدىنقى مەنبەدىن.

www.uyghurkitap.com




ئاللاھ تائالاغا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە مەغپىرەت تىلەيمىز. ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابە كىراملىرىغا دۇئا ۋە سالام يوللايمىز.

بىدئەت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلە بولۇپ، فىقھى ئىلىملىرىدە چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە ئالىملاردىن باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە سۆز قىلىشى توغرا بولمايدۇ. شۇڭا بۇ توغرىدا ئۆز يېنىمدىن بىر نەرسە يازماي، يېتەرلىك ئىلىمگە ئىگە ئالىمنىڭ يازغانلىرىنى تەرجىمە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم.

ئۇستاز مەجدى ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ئەلنىڭ "قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ نۇرى، سەلەفى سالىھىن ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئىماملىرىنىڭ يولى بىلەن سۈننەت ۋە بىدئەت مەسىلىسىنى چۈشىنىش" دېگەن كىتابىنى قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.

**مۇقەددىمە:**

دىننى قوغداش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن بىدئەت مەسىلىسىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بىدئەتنى ياخشى ۋە كەڭ دائىرىلىك چۈشەنمەسلىك دىننى بۇزىدۇ ۋە بىدئەتچى ئەمەس مۇسۇلمانلارنى بىدئەتچى دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى "تبديع" يەنى بىدئەتچى دەپ ھۆكۈم قىلىش خەتەرلىك قورال. بۇرۇن خاۋارىجلار "تەكفىر" قىلىچىنى چىقىرىپ مۆمىنلەرنى كاپىر دەپ بېشىنى كەسكەن بولسا، بۈگۈن فىقھى ئىلىملارنىڭ پۇرىقىنى پۇرىمىغان تائىپىلەر بىدئەت ئىشلار بىلەن ئىجتىھادى ئىختىلاپلىق مەسىلىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، كەمتۈك ئىلمى ۋە خاتا چۈشەنچىسىگە

تايىنىپ، ئازراق ئىختىلاپ بىلەن بىر ـ بىرىنى بىدئەتچى دەيدىغان بولدى. يەنە بىرخىل بىلىسىمىز تائىپىلەر «ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىمىز» دەپ ھەرتۈرلۈك يامان بىدئەتلەرنى دىنغا كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ياشلارغا بۇ مەسىلىنى قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، بۇرۇنقى سالىھ ئۆلىمالارنىڭ ئىزاھاتلىرى، ئۇلارنىڭ بىدئەت ۋە سۈننەت ھەققىدە قويغان ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى نۇرى ئاستىدا بىدئەت ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىش ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغاچقا، بۇ مەسىلىنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ چىگىتىۋېلىش ۋە سەل قاراپ بىخۇدلۇق قىلىشتىن خالىي بولغان ئوتتۇراھال ۋە ئىنساپلىق يول تۇتۇپ، ئەھلى سۈننى فۇقەھالارنىڭ قۇرئان ۋە ھەدىسنى چۈشەندۈرۈش يولى بويىچە ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشتىم. ئاللاھ تائالادىن مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

### بىدئەت ئۇقۇمى:

بىدئەت سۆزى ئەرەپچىدە بىر نەرسىنى تۈنجى قېتىم ئىجاد قىلىش، ئۈرنەكسىز ئىجاد قىلىش مەنىسىدىكى "بدع" سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەيلى ياخشى، مەيلى يامان يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش دېگەنلىك بولىدۇ.

بىدئەتنىڭ شەرئەتتىكى مەنىسىگە كەلسە، يەنى شەرئەتتە قانداق نەرسىنى بىدئەت دەيدۇ؟ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىغا كەلسەك، ئەھلى سۈننەت فۇقەھالىرى بۇنىڭدا ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەر كۆزقاراشتىكى ئالىملارنىڭ تايىنىدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلىرى بار. بىرىنچى كۆزقاراشتىكى ئالىملار دىنىي يېڭىلىقلارنىڭ ھەممىسى بىدئەت، ئۇنىڭ ھەممىسى زالالەت ۋە ھەممىسى دوزاختا. دىندا "بىدئەتى ھەسەنە" (ياخشى بىدئەت) دەيدىغان نەرسە يوق. چۈنكى دىن كامىل بولۇپ بىر نەرسە قوشۇشقا مۇھتاج ئەمەس، دەپ قارايدۇ. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ قاراشلىرىغا بىر نەچچە ئايەت ۋە ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ. لېكىن بۇلار بۇ تەرىپكە كۆرە رەسۇلۇللاھتىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا پەيدا بولغان بارلىق يېڭى ئىشلارنى بىدئەت دېيىشكە توغرا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ، بىر نەرسىنىڭ بىدئەت بولۇشى ئۈچۈن ئىككى شەرتنى قويىدۇ.

1 ـ بىدئەتنىڭ دىندا (يەنى ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا) پەيدا قىلىنغان بولۇشى، باشقا ئادەتتىكى ئىشلاردا پەيدا قىلىنغان يېڭىلىقلار بىدئەت ھېسابلانمايدۇ.

2 ـ شەرئەتتە ئاساسى بولماسلىقى. ئەگەر شەرئەتتە ئاساسى بولسا، ئۇ ئىش بىدئەت ھېسابلانمايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھەر قانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش، قۇرئان ۋە ھەدىستىن بىرەر دەلىلغا تايىنىدىكەن ئۇ بىدئەت ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئۇ سۈننەت، مۇكاپاتلىنىشقا لايىق بىر ياخشىلىق ياكى شەرئەتتە ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان مەنپەئەتلەردىن بىر مەنپەئەت (مەسلەھەتى مۇرسەلە)[1] بولۇشى مۇمكىن.

[1] مەسلەھەتى مۇرسەلە: قۇرئان ۋە ھەدىستە بۇيرۇلمىغان ۋە مەنئى قىلىنمىغان، مۇسۇلمانلار پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى گۇرپپىدىكى ئالىملار: بىدئەت - بىدئەتى ھەسەنە (ياخشى كۆرۈلگەن بىدئەت) ۋە بىدئەتى سەييىئە (يامان كۆرۈلگەن) ياكى زالالەت (ئازغۇنلۇق بولغان بىدئەت) دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ، دىندا بىدئەتى ھەسەن مەۋجۇت. چۈنكى دىنىنىڭ ئۇسۇل ۋە قائىدىلىرى تولۇق، لېكىن بۇ ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر مۇسۇلمانلاردا ياخشىلىق ۋە ئەجىر ئېلىپ كېلىدىغان بىدئەتى ھەسەنە ۋە پايدىلىق يېڭىلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان، دەپ قارايدۇ. بۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بۇ قارىشىغا قۇرئان، ھەدىس ۋە ساھابە كىراملارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدىن دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ. بۇ قاراشتىكىفۇقەھالار يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشنىڭ بىدئەتى ھەسەنە بولۇپ، شەرئەت مىزانىدا قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۈچ شەرت قويىدۇ:

1 ـ ئۇ ئىشنىڭ شەرئەت ئاساسلىرىدىن بىر ئاساسقا تايىنىشى، ياكى شەرئەتنىڭ مەقسەدلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشى، ياكى شەرئەتنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشى. دىندا يوق بىر نەرسىنىڭ دىنغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بۇ شەرتلەرنىڭ تېپىلىشى لازىم.

2 ـ ئۇ ئىشنىڭ قۇرئان، ھەدىس ۋە ئىجماغا خىلاپ بولماسلىقى؛ بۇ بىدئەتنىڭ شەرئەت ھۆكۈملىرىدىن بىرەرگە زىت كەلمەسلىكى ۋە ئۇ ئىشنى قىلىش دىندىكى سۈننەتلەردىن بىرىنى يوق قىلىۋەتمەسلىكى.

3 ـ ياخشى ئىشلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بولماسلىقى.

بىدئەت نازۇك ۋە ئىنچىكە مەسىلە. ھەر قانداق بىر يېڭى ئىشنى مۇجتەھىد، فىقھى ئالىمى شەرئەتنىڭ مىزانىغا سېلىپ، ئۇنىڭ بىدئەتى ھەسەنە ياكى بىدئەتى زالالە بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشى كېرەك.

بۇ ئالىملار ھەسەنە بىلەن زالالەت، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ ئايرىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن زالالەت بىدئەتنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: بىر ئىشنىڭ زالالەت بىدئەت بولۇشى ئۈچۈن مۇنۇ تۆت شەرتنىڭ بولۇشى كېرەك:

1 ـ شەرئەت ھۆكۈملىرى بەرپا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن پەيدا بولغان بولۇشى.

2 ـ دىندا ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش مەقسىتىدە پەيدا قىلىنغان بولۇشى.

3 ـ شەرئەتكە زىت كېلىشى.

4 ـ ئاللاھ تائالا ياكى رەسۇلۇللاھ تەرغىب قىلغان ئومۇمىي ئىشلاردىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرمەسلىكى.

بۇنىڭغا ئاساسەن دىندا يېڭى چىقىرىلغان بولۇپ، ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش مەقسىدى بىلەن قىلىنمىغان دۇنياۋى پايدىلىق ئىشلار زالالەت بىدئەت ئەمەس. بىرەر مەنپەئەت ئۈچۈن پەيدا قىلىنغان بولۇپ، شەرئەتكە زىت كەلمەيدىغان ئىشلار بىدئەت ئەمەس. ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بىر سۈننەتنى يېڭىدىن جانلاندۇرۇش ئۈچۈن چىقىرىلغان ئىشلار ياكى ئەسلى شەرئەتتە مەۋجۇت بولۇپ،

شەكلي جەھەتتە يېڭىلىق بولغان پايدىلىق ئىشلار بىدئەت ئەمەس.

ھەر ئىككى قاراشتىكى ئالىملارنىڭ قارىشى ئۆزلىرىنىڭ بېكىتكەن قائىدىلىرىگە ئاساسەن ھەقتۇر. لېكىن خاپىلىق زامانىمىزدىكى ئەگەشكۈچىلىرىدە. ئۇلار ئىلگىرىكى ئالىملارنىڭ قويغان شەرت ۋە قائىدىلىرىنى توغرا تەتبىقلىماستىن يا چۈشىنەلمەي ياكى سەل قارايدۇ.

بىرىنچى قاراشتىكى ئالىملار: ئىمام مالىك، بەزى مالىكى ئالىملار، تەرتۇشى، شاتىبى، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييىم، زەركەشى ۋە ھافىز ئىبنى رەجەبكە ئوخشاش بەزى ھەنبەلى ئالىملار بولۇپ، ئۇلار بىدئەت سۆزىنى پەقەت دىنغا تەئەللۇق بىدئەتكىلا ئىشلىتىدۇ ۋە ھەر قانداق بىدئەتنى زالالەت دەيدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇلار مەسالىھى مۇرسەلەنى كەڭ قوللىنىدۇ. بىر نەرسىنىڭ بىدئەت بولۇشى ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى شەرتنى قويىدۇ.

ئىككىنچى قاراشتىكى ئالىملار: ئىمام شافىئى باشلىق بارلىق شافىئىي ئالىملار، ھەنەفىي ئالىملار، مالىكى ئالىملارنىڭ كۆپ سانلىقى[1] ۋە بەزى ھەنبەلى ئالىملاردۇر. كېيىنكى ئۆلىمالاردىن ئىمام ئىبنى ھەزم، ئىمام غەزالى، ئىمام فەخرىددىن رازى، ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى ئىمام ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام، ئىمام قەرافى، ئىمام نەۋەۋى، ھەدىس ئىلمىنىڭ پىشۋاسى ئىمام ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەل ئەسقەلانى، ئىمام سۇيۇتى، ئىمام زەرقانى، ئىمام كەرمانى، ئىبنى ئابىدىن ئەششامى، ئىمام ھافىز ئىبنى ئەرەبى ئەل مالىكى، ئەللامە ئىبنى ئەسىر ئەل جەزەرى، ئىمام شىھابۇددىن ئەبۇ شامە، ئىمام ئەينىي ۋە باشقىلار بولۇپ، ئەھلى سۈننەت نەزىرىدە ھەممىسى پەيغەمبەر ۋارىسلىرى ۋە ئىلىم ئەربابى زاتلاردۇر. بۇ ئۆلىمالارنى بىدئەتنى ئىككىگە ئايرىغانلىقى ئۈچۈن بىدئەتچى دەپ ئەيىبلىگۈچىلەر ئۆزىنىڭ ئەقلىنى ۋە دىنىنى كۆزدىن كۆچۈرسۇن.

## «بىدئەتنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ» دېگۈچى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن مىساللار:

ئىبنى ماجشۇن ئىمام مالىكنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: ”كىمكى ئىسلامدا بىر بىدئەتنى چىقىرىپ، ئۇنى ياخشى دەپ قارىسا، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى دىنىنى يەتكۈزۈشتە خىيانەت قىلغان، دەپ تۆھمەت قىلغان بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا «بۈگۈن سىلەر ئۈچۈن دىنىڭلارنى كامىل قىلدىم»[2] دېدى. بۇ ئايەت چۈشكەندە دىندىن سانالمىغان نەرسە بۈگۈنمۇ دىندىن سانالمايدۇ.“[3]

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر» دېگەن سۆزىنىڭ ئومۇمىيلىقىنى ساقلاپ قېلىش

[1] شەيخ ئەھمەد ئىبنى يەھيا ئەلۋەنشەرىسى ئەل مالىكى «المعيار المعرب» ناملىك كىتابىدا، مالىكىلارنىڭ بۇ ھەقتە ئىجما قىلغانلىقىنى بايان قىلغان.

[2] سۈرە مائىدە: 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ئىمام شاتىبى: «الإعتصام» 1 ـ توم، 49 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېرەك؛ ئۇنىڭ ئومۇمىيلىقىغا ئەمەل قىلىش پەرز؛ بىدئەتنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىغان كىشى ئاتالمىش فىقھىچىلار، كالامچىلار، سوپىلار ۋە ئابىدلارنىڭ قىلغىنىدەك خاتالاشقان بولىدۇ...
«بىدئەت» دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ ياخشىلىقى شەرئىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا ئىككى ئىشنىڭ بىرى بار: يا ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ "بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت" دېگىنىدەك لۇغەت جەھەتتىن بىدئەت دەپ ئاتالسىمۇ دىنىدىكى بىدئەت ئەمەس، دېيىلىدۇ. ياكى بۇ شەكىل كۈچلۈك دەلىل بولغانلىقى ئۈچۈن ئومۇمىيلىقىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىلىدى، قالغانلىرى ئومۇمىيلىقىنىڭ تەقەززاسى بويىچە قالىدۇ؛ خۇددى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ئومۇملىرىغا ئوخشاش، دېيىلىدۇ."[①]

ئىمام شاتىبى مۇنداق دەيدۇ: "بىدئەتنى ئىككىگە ئايرىش ئۇيدۇرۇلغان بىر ئىش بولۇپ، ھېچقانداق شەرئىي دەلىلى يوقتۇر. ئەكسىچە ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى توقۇنۇشىدۇ. چۈنكى بىدئەت ئەسلىدە مەيلى لەۋزىي مەيلى قائىدە جەھەتتىن ھېچقانداق دەلىلى يوق نەرسىدۇر. ئەگەر شەرئەتتىن پەرزلىككە يا مۇستەھەبلىككە ياكى مۇباھلىقىغا دەلىلى بولغان نەرسە بىدئەت بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان ياكى قىلىش ـ قىلماسلىق ئىختىيارى بولغان ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. بىدئەت ئىشلار بىلەن ئۇلارنىڭ پەرزلىكىنى يا مۇستەھەبلىكىنى ياكى مۇباھلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئىككى زىت نەرسىنى بىرلەشتۈرگەنلىك بولىدۇ."[②]

### بىدئەتنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىيدىغان ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىدىن مىساللار:

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە پەتىۋادا ئىمام شافىئىدىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ: "شافىئى رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىدئەت ـ ئىككى تۈرلۈكتۇر: بىرى قۇرئان ـ ھەدىسكە، ئىجماغا ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ساھابىلىرىدىن كەلگەن ئەسەرگە زىت بولۇپ، ئۇ زالالەت بىدئەتتۇر. يەنە بىرى يۇقىرىقىلاردىن بىرىگە زىت بولمىغان بىدئەت بولۇپ، ئۇ بىدئەتتى ھەسەنەدۇر. بۇنىڭ دەلىلى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ "بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت" دېگەن سۆزىدۇر». بۇ سۆزنى ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشىنى ئىمام بەيھەقى «مەدخەل» دە سەھىھ ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلغان."[③]

ھەنەفىي ئالىملاردىن شەيخ ئىبنى ئابىدىن مۇنداق دەيدۇ: «بىدئەت بەزىدە ۋاجىب بولىدۇ، ئازغۇن پىرقىلارغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن دەلىللەر پەيدا قىلغانغا ئوخشاش، قۇرئان ـ ھەدىسنى چۈشىنىش

① ئىبنى تەيمىيە: «پەتىۋا تولىمى» 10 ـ توم، 370 ـ بەت.

② ئىمام شاتىبى: «الإعتصام» 1 ـ توم، 191 ـ بەت.

③ ئىبنى تەيمىيە: «پەتىۋالار تولىمى» 20 ـ توم، 163 ـ بەت.

ئۈچۈن ئەرەب تىلى گرامماتىكىسى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش. بەزىدە مۇستەھەب بولىدۇ، رىبات ۋە مەكتەب ئىنشا قىلغانغا ئوخشاش ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە بولمىغان ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا كىرىدۇ. بەزىدە مەكرۇھ بولىدۇ، مەسجىدلەرنى ئاشۇرۇپ زىننەتلىگەنگە ئوخشاش. بەزىدە مۇباھ بولىدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتىن كەڭتاشا بەھرىمەن بولغانغا ئوخشاش.»①

ئىمام بەدرىددىن ئەل ئەينى «سەھىھ بۇخارى»نىڭ شەرھىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇرۇن ھەر كىشى ئۆز ئالدىغا ئوقۇيدىغان تەراۋىھ نامىزىنى، كىشىلەرنى توپلاپ بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ جامائەت بىلەن ئوقۇيدىغان قىلغاندىن كېيىن: «بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت» دېگەن سۆزىنى شەرھىلەپ مۇنداق دېگەن: «بىدئەت ئەسلىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا يوق بىر ئىشنى پەيدا قىلىشتۇر. ئاندىن بىدئەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: ئەگەر ئۇ شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنىڭ قاتارىغا كىرسە ئۇ بىدئەتى ھەسەنە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ شەرىئەتتە يامان كۆرۈلىدىغان بىر ئىشنىڭ قاتارىغا كىرسە ئۇ زالالەت بىدئەت بولىدۇ.»②

مالىكى مەزھەب ئالىملىرىدىن ئىمام ھافىز ئىبنى ئەرەبى ئەلمالىكى مۇنداق دەيدۇ: «بىلىڭلاركى ـ ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرسۇن ـ يېڭىدىن پەيدا قىلىنغان ئىشلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى شەرىئەتتە ئەسلى يوق پەقەت ھاۋاي ھەۋەس بىلەن پەيدا قىلىنغان ۋە ئۆز خاھىشىنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەمەل قىلىنغان ئىش بولۇپ، بۇ قەتئىي باتىلدۇر. يەنە بىرى شەرىئەتتىكى بىر ئىشقا تايىنىپ پەيدا قىلىنغان بىدئەت. بۇ ئۆلگىلىك خەلىپىلەر ۋە پەزىلەتلىك ئىماملارنىڭ يولىدۇر. ھەر قانداق يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش ياكى بىدئەت پەقەت ئىسمى ياكى مەنىسى ئۈچۈنلا ئەيىبلەنمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا قۇرئاندا نازىل قىلىنغان ئايەتلەرنى «مۇھدەس (يېڭى پەيدا بولغان نەرسە)» دەپ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن يېڭى ۋەز ـ نەسھەت نازىل بولسا...»③ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ″بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت″ دېدى. بەلكى يېڭى پەيدا بولغان ئىشلاردىن سۈننەتكە خىلاپ بولغان ۋە زالالەتكە چاقىرىدىغانلىرىلا سۆكۈلىدۇ ۋە ئەيىبلىنىدۇ.»④

شافىئىي ئالىملاردىن ئىمام غەززالى مۇنداق دەيدۇ: «رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن پەيدا قىلىنغان ئىشلارغا كەلسەك، يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەنئى قىلىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت سابىت سۈننەتكە زىت بولغان ۋە شەرىئەتتە بۇيرۇلغان بىر

① ھاشىيەتۇ ئىبنى ئابىدىن: 1 ـ توم، 379 ـ بەت.

② «سەھىھۇل بۇخارى شەرھى» 11 ـ توم، 126 ـ بەت.

③ سۈرە ئەنبىيا: 2 ـ ئايەت.

④ ئىمام ئىبنى ئەرەبىنىڭ تىرمىزى شەرھى: 10 ـ توم، 147 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشنى سەۋەبى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرىدىغان نەرسە مەنئى قىلىنىدۇ. سەۋەبلەر ئۆزگەرگەن بەزى ئەھۋاللاردا يېڭى بىر ئىش پەيدا قىلىش لازىم بولۇپ قالىدۇ.»[①]

ئۆلىمالارنىڭ سۇلتانى ئىز ئىبنى ئابدۇسسالام مۇنداق دەيدۇ: «بىدئەت ـ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋاقتىدا بولمىغان بىر ئىشنى قىلىش بولۇپ، ئۇ ۋاجىب، ھارام، مۇستەھەب، مەكرۇھ ۋە مۇباھقا بۆلىنىدۇ. بۇنى بىلىشنىڭ يولى ئۇ ئىش شەرىئەتنىڭ قائىدىلىرىگە سېلىنىدۇ. ۋاجىب قىلىدىغان قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرسە ۋاجىب بولىدۇ. ھارام قىلىدىغان قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرسە ھارام بولىدۇ. مۇستەھەب قائىدىلىرىدىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرسە مۇستەھەب بولىدۇ. مۇباھ بولىدىغان قائىدىنىڭ ئىچىگە كىرسە مۇباھ بولىدۇ...»[②]

ھافىز ئىبنى ھەجەر ئەل ئەسقەلانى مۇنداق دەيدۇ: «بىدئەت ئەسلىدە بۇرۇن بولمىغان بىر نەرسىنى پەيدا قىلىشتۇر. شەرىئەتتە سۈننەتكە زىت ئىشقا ئىشلىتىلىپ، ئۇ ئەيىبلىنىدۇ. مەسىلىنى ئىنچىكىلىگەندە، بىدئەت ئەگەر شەرىئەتتە ياخشى كۆرۈلگەن ئىشلاردىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرسە، ئۇ بىدئەتى ھەسەنە بولىدۇ. ئەگەر شەرىئەتتە يامان كۆرۈلگەن بىر ئىشنىڭ ئىچىگە كىرسە، ئۇ قەبىھ ـ يامان بىدئەت بولىدۇ. بۇ ئىككى قىسىمدىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرمىسە، ئۇ مۇباھ ئىشلاردىن بولىدۇ».[③]

ھەدىس ئالىملىرىدىن ۋە ھەدىس كىتابلىرىنى شەرھى قىلغۇچىلاردىن بىرى بولغان ئەللامە ئىبنى ئەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بىدئەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى بىدئەتى ھىدايەت، يەنە بىرى بىدئەتى زالالەت. ئاللاھ تائالانىڭ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە خىلاپ ئىش بولسا ئۇ ئەيىبلىنىشى ۋە رەت قىلىنىشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇستەھەب قىلغان ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرغىب قىلغان ئىشلارنىڭ ئىچىگە كىرىدىغان بولسا، ئۇ مەدھىيىلىنىدۇ. ئەگەر يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش سېخىلىق قىلىش ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىشتەك ئىشلار بولسا، ئۇنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. ئۇنى ئەيىبلەشنىڭ ئۆزى شەرىئەتكە زىت ئىش قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ياخشىلىق پەيدا قىلغان كىشىگە ساۋاب بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىرەر ياخشى ئادەتنى پەيدا قىلسا، ئۇنىڭ مۇكاپاتى ۋە ئۇ ئىشقا ئەمەل قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى ئۇنى پەيدا قىلغۇچىغا بولىدۇ.» بۇنىڭ ئەكسىچە «كىمكى بىر يامان ئادەتنى پەيدا قىلسا ئۇنىڭ گۇناھى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلارنىڭ گۇناھى ئۇنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ ئۈستىگە بولىدۇ.» بۇنداق بولۇشى ئۇ ئىشنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ۋە

---

[①] ئىھيائۇ ئۇلۇممىددىين: 1 ـ توم، 276 ـ بەت.
[②] قەۋائىدۇل ئەھكام: 2 ـ توم، 172 ـ 174 ـ بەتلەر.
[③] فەتھۇلبارى: 4 ـ توم، 298 ـ بەت.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەمرىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بىدئەتنى ھىدايەتنىڭ مىسالى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ "بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت" دېگەن سۆزىدۇر. چۈنكى ئۇ پەيدا قىلغان تەراۋىھنى جامائەت بىلەن ئوقۇش شەرىئەتتە مەدھىيىلىنىدىغان ياخشى ئىشلاردىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى مۇسۇلمانلارغا سۈننەت قىلمىغان. بىر نەچچە كېچە ئوقۇغاندىن كېيىن تەرك ئەتكەن، ئۆزى يالغۇزمۇ ئوقۇمىغان ۋە كىشىلەرنى جەم بولۇپ ئوقۇشقىمۇ بۇيرۇمىغان. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدىمۇ بولمىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرنى تۇپلاپ جامائەت بىلەن ئوقۇشنى يولغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بىدئەت دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ سۈننەتتۇر. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "مېنىڭ سۈننىتىمنى ۋە مەندىن كېيىن راشىد خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتنى مەھكەم تۇتۇڭلار"[1] دېگەن. بۇنىڭغا ئاساسەن "ھەر قانداق يېڭى چىقىرىلغان ئىشلار بىدئەت" دېگەن ھەدىسنى، شەرىئەت ئاساسلىرىغا زىت كېلىدىغان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئىشلار دەپ چۈشىنىش كېرەك.»[2]

يۇقىرىدىكى ئىككى تەرەپ ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرىنى ئىنچكىلەپ چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدا؛ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قويغان شەرت ۋە قائىدىلىرىنى توغرا تەتبىقلىغىنىمىزدا؛ ئوتتۇرىدىكى ئىختىلاپنى ھەل قىلغىلى ۋە ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ ئارىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلىشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ يولى تۆۋەندىكى تۆت شەرتنى تەتبىقلاش:

1 ـ بىدئەتنىڭ پەقەت ئىبادەتلەردە بولۇشى. ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىشلىرىدا بىدئەت بولمايدۇ. مەسىلەن: ئايرۇپىلان ۋە ماشىنىلاردا سەپەر قىلىش بىدئەتنى ھەسەنە ياكى بىدئەتنى زالالە دېيىلمەيدۇ.

2 ـ شەرىئەت ئۇسۇللىرىدىن ياكى شەرىئەت مەقسەتلىرىدىن ياكى ئومۇمي بۇيرۇقلاردىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرگەن يېڭىلىقلارنى زالالەت بىدئەت دېيىشكە بولمايدۇ. خۇددى تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇغاندەك.

3 ـ يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشنىڭ شەرىئەتنىڭ دەلىللىرىدىن بىرىگە زىت بولماسلىقى ۋە ئۇ ئىشنى قىلىش سۈننەتلەردىن بىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى زالالەت بىدئەت دېگەن سۈننەتكە زىت كېلىدىغان ۋە سۈننەتنى يوقىتىدىغان ئىشتۇر.

4 ـ قۇرئان ـ ھەدىسكە خىلاپ بولمىغان ۋە مۇسۇلمانلار ياخشى دەپ قارىغان ئىش زالالەت بىدئەت بولمايدۇ.

ــــ داۋامى كېيىنكى ساندا...

[1] بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس.
[2] ئەننىھايە فى غەرىبىلھەدىس: 1 ـ توم، 106 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

سوئال: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان «مەلھەمەتۇ كۇبرا» ھەدىسى دېيىلگەن بىر ھەدىس بار ئىكەن. بۇنىڭدا ئاخىر زاماندا يۈز بېرىدىغان ئۇرۇشلار ھەققىدە بايانلار بار ئىكەن. بۇ ھەدىس ۋە ئۇنىڭدا كەلگەن بايانلار ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەن بولساڭلا! ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن.

ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ!

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت ـ سالاملار بولسۇن.

جاۋاب: رەببانى بەندىلەرنىڭ ھەق بىلەن ناھەق، ئىمان بىلەن كۇپرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشتە تۇرلۇك مۇشەككەلات ۋە سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقى، بۇ يولدا كىمنىڭ چىداملىق، كىمنىڭ چىدامسىز ئىكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي مەيداندا ئايرىلىشىنىڭ مۇھەققەقلىكى جانابى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ يەر يۈزىدە يولغا قويغان قانۇنىيەتلىرىدىندۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىلاھىي ئادالەت ۋە پەزل ـ مەرھەمەت نۇرىنى ئۇشبۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا تەجەللى ئېتىپ تۇرىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە، ئىمان بىلەن كۇپرى ئوتتۇرىسدا كۆرەشلەر ئۈزۈلمىگەندۇر ۋە ئۈزۈلمەيدۇ. تاكى قىيامەتكە قەدەر ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىدا

نى ـ نى جەڭلەر، كۈرەشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئاقىۋەتتە بولسا، ھەق ئۈستىدە تەۋرەنمىگەن، سەباتلىق بىلەن تۇرغانلار غەلىبە قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاتنىڭ پېشانىسىگە تا قىيامەتكىچىلىك ياخشىلىق پۈتۈلگەندۇر».[①]

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرى قاتارىدا شۇنداق بىر نېمەت باركى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر كۈلپەتلەر، قاتتىق سىناقلار كېلىپ، بۇ ئۈممەت تۈگىشىپ كېتىدىغان بولدى دەپ قالىدىغان ئەھۋاللاردىمۇ ئۈممەت ئۆزىنى بىر سىلكىۋېتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قايتىدىن كۈچكە كېلىپپۇرۇنقىدىن تېخىمۇ مەزمۇت قوپىدۇ.

مەزكۇر قائىدە ھەر دەۋردە كۈچكە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭغا بىنائەن دەيمىزكى، ئىسلام ئۈممىتى بۈگۈنمۇ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەردىن ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە تەۋپىقى بىلەن چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. پەقەت مۇسۇلمانلار مەزكۇر نېمەتنى قەدىرلەشنى بىلىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىدىكەن، ئاللاھنىڭ غەلىبە مەشئىلىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزىشىدا شەك يوقتۇر. ئىشىنىمىزكى، بۇخىل ئىسلاھات يولىنى تۇتقۇچىلار ئۈممەت ئېچىدە ھېچقاچان يوقالمايدۇ.

چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆز ۋەدىسى بويىچە بۇ دىننى قوغداشقا كېپىل بولغاندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ دىننى قوغداش ئۈچۈن شۇنداق مەرد ئەركەكلەرنى، شجائەتلىك قەھرىمانلارنى يېتىشتۈرۈپ تۇرىدۇكى، ئۇلار ئىلىم ـ مەرىپەت، دەۋەت ۋە جىھاد مەيدانىدىكى چىدامچانلىقى ۋە پىداكارلىقلىرى بىلەن بۇ دىننى قوغدايدۇ، ئۆچكەن ئىزلارنى تىرىلدۈرۈپ، سولغان روھلارنى ياشارتىدۇ. ئۇلار يېرىم يولدا بوشىشىپ قالغانلارغا، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلارغا، دىن دۈشمەنلىرىگە ساتقۇنلۇق قىلغانلارغا پەرۋا قىلماستىن، تاكى قىيامەتكە قەدەر سەباتلىق بىلەن ھەقنى قوغدايدۇ. مانا بۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆۋەندىكى ھەدىستە بىشارەت بەرگەن مۆمىنلەر جامائەسىدۇر.

ئۆمەير ئىبنى ھانى رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: مەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «ئۈممىتىمدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەرقاچان، ھەر زامان ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەھكەملىكىدىن ئۇلارنى ياردەمچىسىز قويغانلارمۇ، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلارمۇ ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. تاكى

①سەھىھەيىن: "بۇخارى" 2849-ھەدىس. مۇسلىم 1871-ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ئاللاھنىڭ ئەمرى (ھەر مۆمىننىڭ روھىنى قەبزى قىلىدىغان شامال) كەلگىچە ئۇلار شۇنداق تۇرىدۇ».①

مۇسۇلمانلارنىڭ خرىستىئانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىر قاتار ھەدىسلەردە كەلگەندەك بەزىدە ئۇرۇش، بەزىدە سۈلھى، يەنە بەزىدە ۋاقىتلىق ئۇرۇش توختىتىشتىن ئىبارەت بولىدۇ.

بەزى ھەدىسلەردە قىيامەت قايىم بولۇشنىڭ ئالامەتلىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلار بىلەن رىملىقلار (ياۋروپالىقلار) ئوتتۇرىدا "مەلھەمە كۇبرا" يەنى نۇرغۇن ئىنسانلار قىرىلىپ كېتىدىغان چوڭ جەڭ بولىدىغانلىقى خەۋەر بېرىلگەن. لېكىن ھەل قىلغۇچ چوڭ جەڭنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇمىغان، پەقەتلا شۇنداق جەڭ بولىدىغانلىقنى ئالدىن بىشارەت بەرگەن.

"مەلھەمە كۇبرا ھەدىسى" دەپ تونۇلغان مۇنداق بىر ھەدىس سەھىھ مۇسلىمدا كەلگەن:

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «رىملىقلار ئەئماق ياكى دابىق دېگەن يەرگە چۈشمىگىچە قىيامەت بولمايدۇ. ئۇ چاغدا، مەدىنىدىن شۇ چاغلاردىكى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن تەركىپ تاپقان بىر قوشۇن چىقىدۇ. ئۇلار قارىمۇ-قارشى سەپ تۈزۈپ تۇرغاندا، رىملىقلار:

— بىزنىڭ يولىمىزنى توسماڭلار، بىز ئادەملىرىمىزنى ئەسىر ئالغانلار بىلەن ئۇرۇشىمىز، — دەيدۇ. لېكىن مۇسۇلمانلار:

— ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قېرىنداشلىرىمىزنى سىلەرگە تاشلاپ قويمايمىز، — دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش باشلىنىدۇ. (مۇسۇلمانلارنىڭ) ئۈچتىن بىر قىسمى ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ قاچىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنى مەڭگۈ قوبۇل قىلمايدۇ. ئۈچتىن بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلىدۇ، بۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شېھىتلەرنىڭ ئەۋزەللىرى ھېسابلىنىدۇ. قالغان ئۈچتىن بىر قىسمى غەلىبە قىلىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھېچقانداق قىيىن سىناققا دۇچ كەلمەيدۇ. ئۇلار قۇستانتىنىيە (ئىستانبۇل)نى ئازاد قىلىدۇ، ئۇلار قىلىچلىرىنى زەيتۇن دەرىخىگە ئېسىپ قويۇپ، غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقىنىدا، شەيتان:

— يۇرتۇڭلارنى دەججال بېسىۋالدى، — دەپ توۋلايدۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ چىقىدۇ، لېكىن بۇ يالغان بولۇپ چىقىدۇ. شامغا يېتىپ كەلگەنلىرىدە، دەججال ھەقىقەتەن چىقىدۇ. ئۇلار سەپنى تۈزەپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىرىدا، نامازغا تەكبىر ئېيتىلىدۇ. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، ئۇلارغا ئىمام بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دۈشمىنى(دەججال)

① سەھىھەين: "بۇخارى" 3641-ھەدىس. مۇسلىم 1037-ھەدىس.

ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى كۆرگىنىدە، خۇددى تۇز سۇدا ئېرىگەنىدەك ئېرىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چېقىلمىسىمۇ، ئۇ ئېرىپ ھالاك بولۇپ كېتەتتى، ئەمما ئاللاھ ئۇنى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرىدۇ. ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارغا نەيزىسىنىڭ ئۇچىدىكى قاننى كۆرسىتىدۇ».①

بەزىلەر مەزكۇر ھەدىستىكى "مەدىنە" بولسا مەدىنە مۇنەۋۋەرە، "ئەئماق" ياكى "دابىق" دېگەن جايلارنى مەدىنە مۇنەۋۋەرە ئەتراپىدىكى جايلار دەپ شەرھلىسە، بەزىلەر "ئەئماق" سۈرىيەدىكى ھەلەب شەھرى بىلەن تۈركىيەدىكى ئانتاكىيە شەھرى ئارىلىقىدىكى "دابىق" قا يېقىن جاي، ئانتاكىيە شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، "دابىق" ھەلەب شەھرى شىمالىدىكى "مەرج دابىق" دېگەن بىر كەنت دەپ ئىزاھلايدۇ. مەدىنە بولسا شەھەر مەنىسىدە بولۇپ، دىمەشىق شەھرىنى كۆرسىتىدۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ھەلەب شەھرى دەيدۇ.②

بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، بۇ ھەدىسنى بۈگۈنكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇدۇللاپ ئىزاھلاش ئالاھىدە دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى بۇ بىر غەيب. ناۋادا ھازىرقى ئەھۋالنى مۇناسىپ دەپ قاراپ ھەدىسلەرنى ئىزاھلىساق، كېيىنچە ئۇنىڭدىنمۇ مۇناسىپ ۋەزىيەتلەر توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

"مەلھەمە كۇبرا" جېڭىدىن كېيىن يەھۇدىيلار بىلەن چوڭ جەڭ بولىدۇ.

يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلارنىڭ ئەڭ يامنى، بۇلار پەلەستىن زېمىنىنى تارتىۋېلىپ، زېمىندا بۇزغۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنى تەرىپىدىن قىرغىن قىلىنىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ بىشارەت بەرگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «سىلەر يەھۇدىلار بىلەن ئۇرۇشقان، ھەتتا ئارقىسىغا يەھۇدى يوشۇرۇنۇۋالغان تاش، ئى مۇسۇلمان، ئارقامدا يوشۇرۇنۇۋالغان يەھۇدى بار، ئۇنى ئۆلتۈرگىن دەيدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمەستىن بۇرۇن قىيامەت قايىم بولمايدۇ».③

مەزكۇر ھەدىستىن شۇنداق مەنا چىقىدۇكى، شۇ چاغلاردىكى تاشمۇ ئىسلام بىلەن كۇپرى، دوست بىلەن دۈشمەن ئوتتۇرىدىكى كۆرەشنىڭ ھەقىقىتىنى تونۇيدۇ. ھالبۇكى كۈنىمىزدىكى بەزى

---

① "سەھىھۇ مۇسلىم" 2897-ھەدىس.

② "مۇئجەمۇل بۇلدان" 222/1 ۋە 417/2 "مەرقات" 53/10 " القناعة *فيما يحسن الإحاطة به من أشراط الساعة" للإمام السخاوي.* تحقيق: محمد العقيل 43-بەت. فقد جاء أشراطها محمود عطية 261-بەت. "نهاية التاريخ دراسة شرعية تأصيلية جادة" تركي بن عيسى العبدلي 29-بەت.

③ سەھىھەيىن: "بۇخارى" 2926-ھەدىس. مۇسلىم 2922-ھەدىس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنەلمەي، چۈشەنسىمۇ دىن دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتماقتا. ئۇلارنى ئارقا تېرەك قىلىشتەك كۇپرانە يولنى بازارغا سېلىشماقتا، ئاللاھنىڭ ئامانىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئورنىغا بىراۋلارنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تاللىماقتا، ئاللاھنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى بۇرچىنى ئۇنتۇپ دۇنيالىق مەنپەئەتلەرگە دۈم چۈشمەكتە. ھەتتا بەزىدە بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىسمەنلەر دىننى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن دىننى سۇيىئىستىمال قىلماقتا. ئەلۋەتتە بۇنداقلارنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا تاشچىلىكمۇ، ھاڭگىرت قۇشنىڭ بىر تال پېيىچىلىكمۇ قىممىتى بولمايدۇ.

يەھۇدىيلار مەنبەلىرىدىمۇ زامانى ئاخىرىدىكى چوڭ بىر جەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ جەڭ كەنئانچە بارگاھ تېغى دېگەن مەنىدە "ئارماگېدون" (Armagedōn) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ تاغ پەلەستىندە.

"ئارماگېدون" ئەقىدىسى خىرىستىئانلاردىمۇ بار. لېكىن يەھۇدىيلار مەزكۇر قوماندانى داۋۇد ئەلەيھىسسالام نەسلىدىن بولغان بىر پادىشاھ، بۇ پادىشاھقا يەھۇدىيلار ئەگىشىپ مۇسۇلمانلار بىلەن خىرىستىئانلارنى يوقۇتۇپ، جىمى خالايىقنى بويسۇندۇرۇپ "ئىسرائىل" دۆلىتىنى قۇرىدۇ دەپ قارىسا، خىرىستىئانلار مەزكۇر قوماندانى ئىسا ئەلەيھىسسالام دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلارنى، شۇنداقلا خىرىستىئان دىنىغا كىرمىگەنلەرنى يوقىتىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتىن مۇسۇلمانلاردىكى "مەلھەمە كۇبرا" ئەقىدىسى بىلەن يەھۇدىيلاردىكى ۋە خىرىستىئانلاردىكى "ئارماگېدون" ئەقىدىسى ئوتتۇرىدا ئىسمىدىمۇ، مەزمۇنىدىمۇ پەرق بارلىقى مەلۇم بولىدۇ.

يۇقىرىقى ھەدىسلەردىن زامانى ئاخىردا خىرىستىئانلار بىلەن ھەل قىلغۇچ چوڭ بىر جەڭ بولىدىغانلىقى، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلىدىغانلىقى، يەھۇدىيلار بىلەنمۇ چوڭ جەڭ بولىدىغانلىقى ۋە دەججال ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بىراق بۇلار ئاساسەن غەيبى خەۋەرلەر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇلارنىڭ جەريان تەرتىپى، بەزىبىر تەپسىلاتى ۋە ئۇنى ئەمەلىي ئەھۋالىمىزغا ئۇدۇللاش مەسىلىلىرىدە كېسىپ بىر نەرسە دېمەك بىر قەدەر مۇشكۈلدۇر. ناۋادا ھازىرقى ئەھۋالنى مۇناسىپ دەپ قاراپ ھەدىسلەرنى ئىزاھلىساق، كېيىنچە ئۇنىڭدىنمۇ مۇناسىپ ۋەزىيەتلەر تۇغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

بەزىلەر ئۈممەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەرنى چۈشىنىشكە ئاجىز كەلسە زامانى ئاخىرغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ھەدىسلەرنى خالىغىنىچە ئىزاھلاشقا ئۇرۇنىدۇ. بىراق بۇ تۈرلۈك ھەدىسلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە ئەمەلىيەتكە چېتىپ ئىزاھلاشتا مۇھەققىق ئالىملارنىڭ ئىزاھاتلىرى ۋە بايانلىرىغا مۇراجەت قىلماستىن، ئالدىراپ كېتىلسە

ياكى ئاشۇرىۋېتىلسە تەسىرى يامان بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ سەھىھلىرى بىلەن ئاجىز ۋە توقۇلمىلىرىنى، شۇنداقلا سەنەدى سەھىھ تۇرۇقلۇق بىرەر مەزمۇننى ئېنىق ئىپادىلىمىگەنلىرى بىلەن مەزمۇنى ئېنىق بولسىمۇ سەنەدى سەھىھ بولمىغانلىرىنى ئايرىش ئەڭ ئەقەللى تەلەپ.

بولۇپمۇ بىز ھەدىسلەرگە تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارايدىغان بولساق بايان قىلىنغان ئەھۋاللار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، زىتتەك تۇيۇلىدۇ. مەسىلەن بەزى ھەدىسلەردە ″مۇسۇلمانلار ئاجىزلاپ ئىلگىرىكىدەك غېرىبانىلىققا قايتىدۇ″، ″پىتنىلەر قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمەتلىرىدەك ھەممىنى قاپلايدۇ″، ″دىنىنى چىڭ تۇتقان كىشى بىر تال چوغنى سىقىمداپ تۇرغان كىشىدەك بولىدۇ″، ″ئىسلام تۇگۈنى بىر - بىرلەپ يېشىلىپ كېتىدۇ″ دېيىلسە، يەنە بەزى ھەدىسلەردە ئۇممەتكە كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى، خىلاپەت تىكلىنىدىغانلىقى، ئىتالىيەنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقى، دىنىنىڭ ھەممە جايلارغا يېتىپ بارىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بۇ ھەدىسلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنىڭ بەزىلەر ئويلىغاندەك يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىلا قاراپ ماڭىدىغان بولماستىن، گاھ تۆۋەنگە، گاھ يۇقۇرىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈنلەر ھەققىدىكى تۈرلۈك ھەدىسلەرنى چۈشىنىشتە تۆۋەندىكى ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىنى چۈشىنىش ئاساس بولۇشى كېرەك:

ھۇزەيفە ئىبنى ئەلىيەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياخشىلىق ھەققىدە سورايتتى. مەن بولسام يامانلىق ھەققىدە سورايتتىم. چۈنكى مەن بۇ يامانلىقنىڭ بېشىمغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقاتتىم. مەن:

- يارەسۇلەللاھ! بىز جاھىلىيەت ۋە يامانلىق ئىچىدە ياشايتتۇق. ئاللاھ بىزنى بۇ ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلدى. بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن، يامانلىق بارمۇ؟ - دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ:

- ھەئە، - دېدى. مەن:

- ئۇنداقتا ئاشۇ يامانلىقتىن كېيىن يەنە ياخشىلىق بارمۇ؟ - دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

- ھەئە، ئەمما بۇ ياخشىلىققا ئىس تۈتەك ئارىلاشقان - دېدى. مەن:

- ئۇنىڭ ئىس - تۈتىكى دېگەن نېمە؟ - دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ:

- شۇنداق بىر كىشىلەركى، ئۇلار مېنىڭ سۈننىتىم بويىچە يېتەكلىمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ بەزىسىنى توغرا دەيسەن، بەزىسىنى خاتا دەيسەن. -

www.uyghurkitap.com

دېدى. مەن:

ـ ئۇنداقتا ئاشۇ ياخشىلىقتىن كېيىن يەنە يامانلىق بارمۇ؟ دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

ـ ھەئە، بىر مۇنچە دەۋەتچىلەر بار، ئۇلار كىشىلەرنى جەھەننەمگە چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا كىم ئەگەشسە، ئۇلار ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ يارەسۇلەللاھ! ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرسىلە. ـ دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

ـ ئۇلار بىزلەردىن بولۇپ، بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدۇ، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەگەر شۇلارغا يولۇقۇپ قالسام، مېنى نېمىگە بۇيرۇيلا؟ ـ دېسەم، رەسۇلۇللاھ:

ـ مۇسۇلمانلار جامائىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىمامىغا ئەگىشىسەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ئەگەر ئۇلارنىڭ جامائىتى ياكى ئىمامى بولمىسىچۇ؟ ـ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ:

ـ ئۇ چاغدا بارلىق پىرقىلەردىن ئايرىلىپ تۇرغىن. گەرچە ئايرىلىپ تۇرۇشۇڭ دەرەخ يىلتىزىنى چىڭ چىشلەپ، شۇ ھالدا ئۆلۈپ كېتىشىڭگە توغرا كەلسىمۇ، ـ دېدى.①

بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك مۇسۇلمانلار ئۇزۇن زامانلىق تارىخىدا ئاللاھ تائالانىڭ بېكىتىۋەتكەن قانۇنىيىتى بويىچە بەزىدە ئاجىزلىق، بەزىدە قۇدرەتلىك باسقۇچلارنى بېشىدىن كەچۈرىدىغانلىقىغا، بىر خىللا بولمايدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلغان. ئۆتمۈش تارىخمۇ بۇنى ئىسپاتلاپ كەلدى. مۇڭغۇل ۋە ئەھلى سەلىب ئىستىلالىرىدىن كېيىنمۇ ئىسلام دۇنياسى ئوسمان ئەرتۇغرۇل، سەيفۇددىن قوتۇز، نۇرىددىن زەنكى، سالاھىددىن ئەييۇبى قاتارلىق ئەزىمەتلەر قوماندانلىقىدا مۇسۇلمانلارنىڭ قايتا باش كۆتۈرۈشى، قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇلارنىڭ ئادالەت ۋە ھەققەت بىلەن دۇنيا سورىغانلىقىدەك شانلىق تارىخلار بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بىزدىن تەلەپ قىلىنغىنىمۇ بەزى ھەدىسلەرنى بىرەر توپقا توغرىلاپ ئىزاھلاش بولماستىن، غالىب ۋە مەغلۇبىيەت ئىشلىرىدا خۇدانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پۈتكەن ئورتاق قانۇنىيىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتا غەلبە قازىنىشى ئۈچۈن جاكارلىنىپ بولغان ئىلاھىي كۆرسەتمىلەر بويىچە ئىش قىلىشتۇر. دەرۋەقە، يۇقىرىقى ھەدىسلەر ئىسلام ئۈممىتىگە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. جانابى ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىگە كۈچ-قۇۋۋەت، ئىززەت ئاتا قىلغاي!

ۋەللاھۇ ئەئلەم

① سەھىھەين: "بۇخارى" 3606-ھەدىس. مۇسلىم 1847-ھەدىس.




ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەسىلىسى بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ھەر ساھە ئالىملىرىنىڭ جىددىي دىققىتىنى تارتىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاياللار مەسىلىسى تارىختىن بۇيان ھەرقايسى مىللەت، ھەرقايسى مەدەنىيەت ۋە ھەرقايسى ئىلمىي ئېقىملار ئارىسىدا ئوخشىمىغان كۆز قاراش ۋە ئوخشىمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى.

گەرچە ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئورنى مەسىلىسى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ناھايىتى ئېنىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئەرەبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل مىللەتلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنىڭ مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋىي مەدەنىيەتلىرىدىن ۋاز كېچەلمىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم كىشىلەر ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغان بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ قالاق يەرلىك ئادەتلىرىنى ۋە مەدەنىيىتىدىكى غەلىتە قىلىقلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ كەمچىلىكلىرى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلماقتا.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتلىرى، باراۋەرلىك ئورنى، مۇھەببەت، نىكاھ، ئۆگىنىش، خىزمەت، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىش ھوقۇقلىرى ئېنىق كەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ ئائىلىدە ئەرلەرنىڭ ماددىي مۈلكى ياكى قۇلى بولماستىن، بەلكى ئىززەت ـ ئېكرامغا ئىگە ئانا، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئايال ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.

گەرچە ئىسلام دىنىدا ئاياللارغا شۇنچە

www.uyghurkitap.com

كۆپ ھوقۇقلار بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىلىرى دائىم ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇقلىرىدىن كۆرە، ئائىلىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەت ۋە ھوقۇقلىرىنى كۆپرەك تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ھوقۇقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ ياكى يۈزەكى تەسۋىرلەر بىلەن يانداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال كۆپىنچە چاغلاردا كىشىلەردە بىر خىل خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشىنى چەكلەمدۇ؟ دېگەن گۇمانىي سوئاللارنى پەيدا قىلىدۇ. بىز كېيىسپ ئېيتالايمىزكى، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزلىرى بولغان ھەدىس شەرىفلەردە ئاياللارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى چەكلىگەنلىكىگە ئالاقىدار ھېچقانداق ئۇچۇرلار يوق. ئەمەلىيەتتە، ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، تۇرمۇشنىڭ باش قوماندانى بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاياللار بىلەن ئەرلەر فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە پەرىققە ئىگە بولغاندىن سىرت ھەممە جەھەتلەردە باراۋەردۇر. ئۇلار ئۆزىگە تېگىشلىك ھوقۇقلاردىن بەھرىمان بولغاندىن سىرت يەنە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلەرنىمۇ ئۆتىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمان بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتىمۇ ئۆتىشى كېرەك.» (2: 228)

ئاياللارنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، پەرزەنت تەربىيىلەش، ئەرلىرىگە ياردەمچى بولۇشتەك ۋەزىپىلىرى بولغاندىن سىرت يەنە ئۇلار ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىگە ماس كەلگەن مۇئەييەن مىقداردىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىشقا ئېھتىياجلىق. مەسىلەن: دوختۇرلۇق، ئوقۇتقۇچىلىق، سېستىرالىق، كاسسىرلىق، بانكا، ئۇچۇر ئالاقە، پارلامېنت خىزمەتلىرى ۋە باشقىلار.

ئىسلام دىنىدا مەيلى ئايال، مەيلى ئەر بولسۇن پەقەت جەمئىيەتكە پايدىسى بارلا ئىش قىلىدىكەن ئوخشاشلا ئاللاھ تەرىپىدىن شەرەپ ۋە ئىلتىپاتلارغا مۇيەسسەر بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئەمەللىرى ئىنسانلارغا پايدىلىقتۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.» (16: 97)

ئىسلام دىنىدا مۇھىمى ئىشنىڭ كىم تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئەمەس،

بەلكى قانداق ئېلىپ بېرىلغانلىقى، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانلارغا قانداق پايدا ئېلىپ كەلگەنلىكى تەكتلىنىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىغا ئۇيغۇن هالدا ئورۇندالغان هەرقانداق ئەمەل مەيلى كىم تەرىپىدىن ئورۇندالغان بولسۇن پەقەت ئۇ ياخشى ئەمەل بولسىلا بىكار كەتمەيدۇ، قىلغان ئەجرىگە لايىق ساۋابقا ئېرىشىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، هەرقانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەمەلىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن، سىلەر بىر ـ بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن.» (3:195)

گەرچە ئىسلام دىنىدا ئەر ـ ئاياللار جەمئىيەت ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇش جەھەتتە هوقۇقتا باراۋەر بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى ئەرلەر ئىشلەيدىغان هەممە يەرلەردە ئاياللارنىڭ بولۇشىنى تەشەببۇس قىلمايدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ فىزئولوگىيىلىك پەرقلەرگە ئاساسەن، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىدا مەلۇم پەرقەرنىڭ بولۇشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. ئەمما ئىسلام دىنى ئەزەلدىن ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، هەربىي ۋە هاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنى چەكلىگەن ئەمەس. هەتتا ئاياللارنىڭ هاكىمىيەت ئىشلىرىدا رەهبەر، هەربىي ئىشلاردا قوماندان، مەدەنىي ـ مائارىپ ئىشلىرىدا تەتقىقاتچى ۋە يولباشچى بولۇشىغا يول قويغان. ئەگەر بىز ئىسلام تارىخىغا ۋە بۈگۈنكى دەۋرىمىزگە نەزەر سالساق بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى ناهايىتى كۆپ ئۇچرىتىمىز. «قۇرئان كەرىم»دە سەبە خەلقىگە پادىشاهلىق قىلىۋاتقان ئايال پادىشاھ بىلقىسنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنىڭ ئەقىللىق ئايال دەپ قارالغان شىفا بىنتى ئابدۇللاهنى بازار باشقۇرۇشقا مەهسۇل قىلىشى، ئائىشە رەزىيەللاهۇ ئەنهانىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ هاياتى ۋە پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن هەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىپ، داڭلىق بىر هەدىسشۇناسقا ئايلىنىشى ۋە بۈگۈنكى دۇنيادا بىر قىسىم مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ رەهبەرلىك قاتلىمىدا ۋەزىپىلەردە بولۇشى بۇنىڭ ئېنىق مىساللىرىدۇر.

ئىسلام دىنىدا كىمنىڭ قانداق ئىشتا بولۇشى ئۇلارنىڭ جىنسىي پەرقىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشنىڭ ئەهلى، لاياقىتى ۋە ئىقتىدارىغا قاراپ بېكىتىلىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر ئىشنىڭ ئەهلى بولۇش ۋە ئىقتىدار ۋە لاياقەتنى يېتىلدۈرۈش مائارىپ جەهەتتىكى تەربىيىلىنىشكە مۇناسىۋەتلىك. گەرچە پەيغەمبىرىمىز مۇهەممەد ئەلەيهىسسالام «ئىلىم ئېلىش هەربىر مۇسۇلمانغا پەرز» دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان هەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدىكى ئاياللارغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ توغرا بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئېغىر سەل قارىلىپ كەلدى. ئۆگىنىش بىر خىل بىلىم ئېلىش هەرىكىتى ۋە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ پەقەت دىنىي بىلىملا ئەمەس بەلكى ئىقتىدارنى ئۆستۈرىدىغان، تونۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغان بارلىق پايدىلىق بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىلىم ئېلىشتىكى مەقسەت ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشۇرۇپ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتۇر. بىلىم ئېلىشتا ئەر-ئاياللار ھوقۇقتا تەڭ باراۋەر بولۇپ، ئورۇن، ۋاقىت، ياش ۋە جىنس پەرقى يوق. ئەلۋەتتە، بىلىم ئېلىشتىكى يەنە بىر مەقسەت ئاللاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، قۇدرىتىنى بىلىش ۋە ئۇ ياراتقان مەۋجۇداتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈندۇر.

گەرچە ئىسلام دىنىدىكى بەزى مەملىكەتلەردە ئاياللارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىدا قىسمەن مەسىلىلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شەرىئەت قانۇنلىرىدىكى چەكلىمىلەر بولماستىن، بەلكى شۇ دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسى، جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىدىكى سەۋەبلىكلەردۇر.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئوتتۇرا شەرق، جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىدىكى مۇسۇلمان ئاياللارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار تېخىمۇ كۆپ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى سان-سىفىرلار بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشكە ھازىرچە ئىمكانىمىز يوق.

ئۇيغۇر ئاياللىرى مەيلى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بولسۇن، مەيلى ئىسلامىيەتتىن كېيىن بولسۇن ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئانىلىق ۋە ئاياللىق ئوبرازلىرى بىلەن ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ھوقۇق، قەدىر-قىممەت، ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىكى ئانىلار ۋە ئاياللارغا بولغان يۈكسەك ھۆرمەت ئىپادىلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىن تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

«ئۇماي ئانا» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئايال ئوبراز بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاياللارغا بولغان ئەڭ يۈكسەك ھۆرمىتى ئىپادىلەنگەن ئەڭ قەدىمى رىۋايەتلەرنىڭ بىرىدۇر. مەھمۇد قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «ئۇماي» دېگەن سۆزنى «ئانا» دېگەن مەنىدە، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۇماي ئانا»دىن باشلانغان ئانىلارنى ۋە ئاياللارنى ھۆرمەتلەش ئەنئەنىسى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممە مەنبەلىرىدىن تاپقىلى بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» داستانىدا «...كۈنلەردىن بىر كۈن ئايقاغاننىڭ كۆزى يورۇپ، بوشاندى» دېگەن بىر جۈملە بار. قەدىمقى زاماندا ئۇيغۇرلار ئاي، قۇياش ۋە ئاسمانلارنى ئۇلۇغلاپ، ئىلاھ سۈپىتىدە چوقۇنغان بولۇپ، بۇ جۈملىدىكى «ئاي» سۆزى ئىلاھ مەنىسىنى، «قاغان» سۆزى ئەلبېشى، پادىشاھ دېگەن مەنىلەرنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە ئاي ئايال ئىلاھقا ۋەكىللىك قىلىدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن ئىشلار، ھەتتا ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ھۇجۇم، چېكىنىشلەرمۇ ئاينىڭ چىقىشى، ئاينىڭ تولۇشى ياكى ئاينىڭ تۇتۇلۇشىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلاتتى. قۇياش ۋە ئاينى ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلىغان ھونلار دەۋرىدە،

ئاياللار ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە يۈكسەك ئورۇن، ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئىشلىرىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغان.

ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى چوڭ ھۆرمەت ۋە ئەركىنلىككە ئىگە بولغاندىن سىرت ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى رولىمۇ ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۇلار ئائىلىدىكى ھوقۇقلىرىنى يۈرگۈزۈپلا قالماي يەنە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىش ئىشلىرىغىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشقان. شۇڭا ئۇيغۇر دۆلىتىدە دۆلەتنىڭ ئەمرى ـ پەرمانلىرى داۋاملىق قاغان ۋە خوتۇنلارنىڭ ئىمزالىرى تەڭ قويۇلۇپ تارقىتىلغان. ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىدە 5 چوڭ شەھەر بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىككىسىنىڭ نامى «خاتۇنبالىق» ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تېگى سېرىق دۆلەت بايرىقىغا بىر ئەر بىلەن بىر ئايالنىڭ باش سۈرىتى تەڭ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۇرخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىدە ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ھوقۇقتا تەڭ باراۋەر ئىكەنلىكىنىڭ سىمۋوللۇق بەلگىسى ئىدى.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىدىكى ئورنىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئەنئەنىۋي مەدەنىيىتىدىكى ئەۋزەللىكلەر بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىدىكى يول قويغان ھوقۇقلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئۇيغۇر جەمىيىتىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان تۇنجى پادىشاھلىق بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا زور ئۆزگىرىشلەرنى ياسىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنىلا جەمئىيەتتە يۇقىرى ئابروي ۋە تەڭشىلىك ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمان بولغان. مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە قاراخانىيلار دەۋرىدە مەخسۇس ئاياللار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلۈكلەرگە تەپسىلىي ئىزاھات يازغان بولۇپ، ئادەتتىكى ئاياللارنى «ئوراغۇت»، يۇقىرى مەرتىۋىلىك ياكى خان جەمەتىگە تەۋە بولغان ئاياللارنى «قاتۇن»، «ئاغچا»، «ئىنال»، «تۈركەن قاتۇن»، «ئالتۇن ئۈزۈك»، «ئەردىنى ئۈزۈك» دەپ ئاتىغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرى ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋە ۋە ئاتاقلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلار مەيلى ئوردا ئىچىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن يۇقىرى ئىمتىياز ۋە ئابرويلارغا ئىگە ئىدى. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قاراخانىيلار ئوردىسىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى، مالىيە ۋە غەزىنە ئىشلىرىنى ئايال ۋەزىرلەرنىڭ باشقۇرغانلىقى مەلۇم.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئاياللارغا خاس ئاتاق ناملىرى ئۇلارنىڭ ئەمەلدارلىق سالاھىيىتىنى، مەرتىۋە دەرىجىسىنى، ياكى ئوردىدىكى ھوقۇق ـ مەنسىپىنى بىلدۈرەتتى.

قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھى يۈسۈپ

قادىرخان مىلادى 1002 ـ يىلى خوتەنگە قارشى ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشتىن كېيىن، خوتەنگە خوتەن خەلقى تەرىپىدىن بىلىملىك، دەپ قارالغان ۋە خوتەن خەلقى ئارىسىدا ئابرويى بار بىر ئائىلىنى خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىغا قالدۇرۇپ، قەشقەرگە قايتقان. خوتەننىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تەيىنلەنگەن بۇ ئائىل خوتەندىكى دانىشمەن، ئاقساقاللارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ خوتەندىكى تەسىرى ۋە ئاۋام پۇقرانىڭ ئامانلىقى ھەققىدە سۆھبەت ئېلىپ بارغان. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان مۇھىم تارىخىي ھۆججەتتۇر.

قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ بۇنداق ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا ئىگە بولۇشىنى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىكى يايلاق مەدەنىيىتىدىن قالغان ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنىڭ زىچ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان مەدەنىيەت ئەندىزىسىنىڭ پارلاق ئىپادىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلاردىن باشلانغان بۇ خىل مەدەنىيەت ئەندىزىسى تاكى بۈگۈنگىچە ئۆزىنىڭ تارىخىي ئىقىننى ئۈزۈپ قويغىنى يوق. گەرچە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەلۇم تارىخىي دەۋرلەردە سوپىزمنىڭ تەركىدۇنياچىلىق تراگېدىيىسىنىڭ قارا كۆلەڭگىسىدە ئاساسى ئىقىنىدىن چەتنەپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئائىلىدىكى رولىدا بەزى ئاجىزلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر ئاياللىرىدىن يەنىلا تومارىس تۈركەن خاتۇن، ئامانىساخان، ئىپارخان، نۇزۇگۇم، مايسىخان، راھىلە خانىم، ئايخان ئانا ۋە رىزۋانگۈل قاتارلىق تۈركۈملىگەن مەشھۇر ئۇيغۇر ئاياللىرى يېتىشىپ چىقىپ، جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا بۈيۈك ئىزلارنى قالدۇردى.

دېمەك، ئۇيغۇرلار مەيلى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشى جەھەتتىن، مەيلى ئىسلام دىنى جەھەتتىن بولسۇن ئىزچىل تۈردە بىر خىل مۆتىدىل ھالەتنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئاياللار ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇپلۇقىدا بىر تەرەپتىن ئېتىقادىنىڭ شەرمى ـ ھايالىق تەقۋادارلىرى بولالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتنىڭ كاتتا تۆھپىكارلىرىغا ئايلىنالىغان.[1]


پايدىلانغان مەنبەلەر:
«قۇرئان كەرىم»
«ئۇيغۇر تارىخى تېزىسلىرى»
«شەرىق يۇلتۇزلىرىنى ئىزلەپ»
http://www.akademiye.org/ug/?p=440
http://www.sjrt.org/readpost.php?id=498
http://www.mslxx.cn/Art/Html/763.html
http://www.norislam.com/?viewnews_9707
http://www.xingbie.org/upfile/200913082634101.pdf
http://www.islamguiden.com/kvinnan_islam.shtml#.U-O0Ovl-vkg
http://www.islambook.net/xueshu/list.asp?id=820
http://www.norislam.com/?viewnews_1506



# ئىسلامدا جىهاد ئۇقۇمى

سىراجىدىن ئەزىزى تەييارلىغان

«جىهاد» قۇرئان، ھەدىس ھۆكمىدە مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان ئىبادەت بولۇپ، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم ۋە تولىمۇ نازۇك مەسىلە بولغاچقا، «جىهاد» ئۇقۇمى بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بىر تەرەپلىمە قارىلىپ، مۇقەددەس«جىهاد»نى نوقۇل ھالدا يۈزەكى چۈشىنىۋالغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

كۆپلىگەن كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»دىكى جىهاد ئايەتلىرىنى ۋاقتى ئۆتكەن ئايەتلەر دەپمۇ قارايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە كەلگەن ھېچبىر ھۆكۈمنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ، لېكىن ۋاقت، ئورۇن ئېتىبارى بىلەن ئەمەل قىلىنىدۇ. «جىهاد» ئايىتى «قۇرئان كەرىم»دە 41 قېتىم زىكىر قىلىنغان بولۇپ، ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان ئۇقۇمدا تەپسىر قىلىنغان. ئىبنى قەييىم جەۋزى «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىدا «وجاهدوا في الله حق جهاده»[1] دېگەن ئايەتنىڭ تەپسىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئاللاھ يولىدا ئۆز لايىقىدا جىهاد قىلىڭلار دېگەنلىك، ئاللاھتىن ئۆز لايىقىدا قورقۇڭلار دېگەن مەنىدە بولىدۇ» دەپ شەرھىلىگەن. ئىبنى ئابباس (ئاللاھ رازى بولسۇن): بارلىق كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ» دېگەن.

شەرىئەت «جىهاد» ئىبادىتىنى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، يەر يۈزىدە ئادالەت بەرپا قىلىش، ئىنسانلارنى ئىنسانلارغا قۇلچىلىق قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانى يوقتىن بار قىلغان قۇدرەتلىك ئاللاھقىلا قۇلچىلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن يولغا

[1] سۈرە ھەج 78 ـ ئايەت

قويغان بولۇپ، قىيامەت كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈيۈك ئالىم شەيخ يۈسۈپ قەرداۋىنىڭ «جىھاد پىقھىسى» ناملىق ئىككى توملۇق چوڭ ھەجىملىك كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇشنى مۇناسىپ كۆردۈم:

ئىسلامدا جىھاد ئىنتايىن مۇھىم ۋە نازۇك تېما بولۇپ، ئۇنىڭ چاقىرىق قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ئىنتايىن زور. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كىملىكىنى ساقلاش، ماددىي ۋە مەنىۋى مەۋجۇدىيىتىنى قوغداش، ئۆزى ۋە ۋەتىنىنى دۈشمەندىن قوغداش، ئۈممەتنىڭ رىسالىسى بولغان ئىسلام دىنىنى قوغداشتا جىھادنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

جىھاد بولمىسا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ھىمايە قىلىش مۇمكىن بولماسلىقى ئېنىق. بۈگۈنكىدەك مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنى ھەقسىز، قېنى ئەرزان، ئىسلامىي ئابىدەلەرنى يوقۇتۇش چاپاننىڭ پېشىدىكى توپىنى قېقىۋەتكەندىنمۇ ئاسان بولۇپ قالغان بىر ئەھۋال ئاستىدا، توغرا بولغان جىھاد چۈشەنچىسى ۋە ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئاسانلا يەم بولۇپ كېتىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ پەسكەش، قورقۇنچاق دۈشمەنلەرمۇ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئۈممەت ئۆز ئۆيىدە بوزەك قىلىنىدۇ، دۈشمەنلىرى بويىنىدىن سىرتماق سېلىپ سۆرەيدۇ. مۇسۇلمانلار جىھادنى تاشلىۋېدى، بىرئايلىق مۇساپىدىن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، تەسلىم بولىدىغان دۈشمەنلەرنىڭمۇ دىلىدىن قورقۇنچ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

تېخىمۇ خەتەرلىك مەسىلە شۇكى، ناۋادا مۇسۇلمانلار جىھاد پەرزىنى توغرا چۈشەنمەي، ئۇنى ماددىي، روھىي، ئىدىيەلوگىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قامۇسىدىن چىقىرىپ تاشلاپلا قالسا، ئۇلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە ئېغىر ـ زىيان تارتىدىغىنى ئېنىق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنى ھەربىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، روھىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتلەردىن جىھادقا تەييارلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار سانىنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، مۇسۇلمانلارغا قارشى خەلقئارالىق سۈيىقەست بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

مۇسنەدى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇددا سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنداق بىر ھەدىس بار. «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىر زامانلار كېلىدۇ، مىللەتلەر (سىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن) ئەتراپىڭلارغا خۇددى لىگەندىكى ئاشقا ئولاشقاندەك



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلىشىدۇ دېگەندە، بەرەيلەن: بىزنىڭ ئازلىقىمىزدىنمۇ ئى رەسۇلۇللاھ؟ دەپ سورايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سىلەر ئۇ ۋاقىتتا بەك كۆپ، لېكىن سۇنىڭ كۆپۈكىدەك بولۇپ قالىسىلەر، ئاللاھ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ دىلىدىن قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا «ۋەھەن» سېلىپ قويىدۇ دېگەن. بەرەيلەن: «ۋەھەن» دېگەن نېمە ئى رەسۇلۇللاھ؟! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۆلۈمدىن قورقۇش» دەپ جاۋاب بەرگەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ دەرىجىدە ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىنى روھىي ۋە ئەخلاقىي ئاجىزلىققا باغلىغان. ئۇ بولسا، دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئۆلۈمدىن قورقۇش. دەرھەقىقەت ئىسلام دىنى دۇنيانى ئاخىرىتى ئۈچۈن سېتىۋالغان، دۇنيادىكى ئەرزىمەس نەرسىلەردىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتلارنى ئەۋزەل كۆرگەن، ئاللاھ يولىدىكى شەھىدلىكنى ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشىلەرنىڭ قولى ئارقىلىق نۇسرەت تاپىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئۆز جانلىرىنى ئاللاھ يولىدا بېغىشلىغانلاردۇر. ئۇلار خالىد ئىبنى ۋەلىدگە ئوخشاش پارس، رۇملارنى قوشۇن تارتىپ بېرىش بىلەن تەھدىت سالغان ئەزىمەتلەردۇر. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇلارغا مۇنداق دېگەن ئىدى: «ناۋادا تەسلىم بولمىساڭلار شۇنداق بىر قەۋمنى باشلاپ بېرىپ جەڭ قىلىمەنكى، ئۇلار ئۆلۈمنى خۇددى سىلەر ھاياتنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ.»

«جىھاد» ئۇقۇمى ھەققىي مەنىدە چۈشىنىلمەي خاتا چۈشىنىلىپ قالغان تەقدىردە، ئىنتايىن خەتەرلىك ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. كۆپلىگەن بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئىسلام نامى بىلەن ئىنسانلارنىڭ شەرىپى دەپسەندە قىلىنىدۇ. ئىگىلىكلەر ۋەيران بولىدۇ. ۋەتەنلەر ئاياق ئاستى قىلىنىدۇ. ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق مۇسۇلمانلار قارىلىنىدۇ. تېرورلۇق، زوراۋانلىق قالپىقى كېيگۈزۈلىدۇ. ۋاھالەنكى، ئىسلام دىنى مەزكۇر تۆھمەتلەردىن پۈتۈنلەي پاكتۇر.

11 ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيادا ئىسلام دىنى تېرورلۇق، زوراۋانلىق بىلەن ئەيىپلىنىپ ھۇجۇم ئوبيېكتى بولۇپ قالدى. «جىھاد»قا قارىتا نەزەرىيىۋى قاراشلار، جىھاد ھەققىدە كۆپلەپ ماتېرىياللار يېزىلدى. ماگىستىرلىق، دوكتورلۇق تېزىسلىرىمۇ يۈزلەرچە، بەلكى مىڭلارچە دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. مەخسۇس جىھادىي قاراشتىكى جامائەت، تەشكىلاتلار ۋە ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار مەيدانغا كەلدى. ھەتتاكى بەزىلەر ئۆزىگە «جىھاد» ئاتالغۇسىنى ئىسىم قىلىپ قوللاندى. ئەمما ئەڭ مۇھىم

uyghurkitap.com

مەسىلە قايسى نامنى قوللىنىش ئەمەس، بەلكى ئوڭچىللىق ۋە سولچىللىقتىن خالىي ھالدىكى ئەڭ توغرا جىھاد ئۇقۇمى ۋە ئەمەلىيىتىنى روياپقا چىقىرىشتۇر. دىنىمىزدا ھەر قانداق بىر ھەرىكەت ياكى ئىدىئولوگىيەدە چوقۇم ئادىللىق، ئوتتۇراھاللىق تەشەببۇس قىلىنىدىغان بولۇپ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى مۇناسىپ ھەققىنى بەرمەسلىك چەكلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئاسمانىنى ئېگىز ياراتتى ۋە (ھەر نەرسىگە) ئۆلچەم بېكىتتى. ئۆلچەملەرنى ئادالەت بىلەن ئىجرا قىلىڭلار، ئۇنى ئېگىز - پەس قىلماڭلار.»[1]

جىھاد ساھەسىدە مۇنداق ئۈچ خىل ئېقىم مەۋجۇت:

1 - جىھادنى ئۆزىنىڭ ئەسلى روھىدىن يىراقلاشتۇرىدىغانلار.

بۇلار ئىسلامىي جىھادنى خۇنۇكلەشتۇرۇپ، ئۇنى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ قامۇسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاشنى خالايدىغانلار. ئۇلارنىڭ بارلىق غېمى ئۈممەتنى روھىي جەھەتتىن ئەخلاق - پەزىلەت ئاساسىدا تەربىيەلەش. ئۇلار نەپسى ۋە شەيتان بىلەن جىھاد قىلىشنى ئەڭ چوڭ جىھاد دەپ قارايدۇ. ئەپسۇسكى بۇنداق قاراشلار بەزى ئەنئەنچى تەسەۋۋۇپچىلاردىمۇ ئېغىر كۆرۈلىدۇ. ۋاھالەنكى ئاكتىپ سۈننىي تەسەۋۋۇپ ئەھلىدىن جىھادقا ئالاھىدە ھەسسە قوشقانلارمۇ كۆپ. مەسىلەن: ئالجىرىيەدە ئەمىر ئابدۇلقادىر، لىۋىيەدە ئۆمەر ئەلمۇختار ۋە سىنۇسىيلار...

ئەلمانىيلار (دىنىنى ھاكىمىيەتتىن ئايرىش تەرەپدارلىرى)، غەرپلەشكەنلەر، شەرق، غەرپ مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولچۇماقلىرى، ئوڭچى - سولچىلار ئۈممەتنى قوراللىرىدىن ئاجرىتىپ، دۈشمەنلەر ئالدىدا جانسىز، چارىسىز ھالدا قالدۇرۇشنى ئىستەيدۇ. قەدىمدە ۋە ھازىردا جىھادقا بېرىلىۋاتقان نۇرغۇن تەبىرلەر جىھاد ھەرىكىتىگە تۈپتىن قارشىدۇر. ئۇلار ئىسلام جىھادىنى زوراۋانلىق دەپ تۆھمەت قىلىدۇ.

مەركىزىي ئېقىمدىكىلەرنى مۇستەملىكىچى، مۇشتۇمزورلار قوللاپ، بارلىق ئىمكانىيەتلىرى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇپ كەلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىسى ھىندىستاندا «قادىيانى» ئېقىمىنى ياساپ چىقتى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تەشەببۇسى جىھاد ئۇقۇمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ مۇستەملىكىگە يول ھازىرلاش، ھېچقانداق قارشىلىقسىز مۇسۇلمانلارغا ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئىدى.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئىسلام ئالىملىرىدىن بەزىلىرى ھازىرقى زامان

[1] سۈرە ئەررەھمان 7، 8، 9 - ئايەتلەر

جىھادنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماستىن تەنقىتلەيدۇ. زالىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى سادىر قىلغان جىنايەتلىرىگە چاپان ياپىدۇ. ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەخلاقنى بۇزۇش، ۋەھشى زۇلۇملارنى سادىر قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ پەتىۋالارنى بەردى. قانچىلىغان ئىنسانلارنىڭ نومۇسى ئاياق ـ ئاستى قىلىندى، ئابرۇيى تۆكۈلدى، ھوقۇقلىرى زايا بولدى، شەرەپلىرى بۇلغاندى، مىڭلىغان گۇناھسىز كىشىلەر ئىز ـ دېرەكسىز يوقىتىلدى. مىڭلارچە ئىنسانلار زىندانلاردا گۇندىپايلارنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرىدا ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا ئۆلتۈرۈلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى يوللۇق، ھالال ئىشلار دەپ پەتىۋا بېرىلدى. ئەمما ئېزىلگەن، ھەق ـ ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنغان، دەپسەندە قىلىنغان، ئاياقئاستى قىلىنغان مىللەتلەر، جامائەتلەرنىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھەرىكەتلىرى جىنايەت، ھارام، قانۇنسىز دەپ قارالدى.

زۇلۇمغا قارشى قوزغالغانلار بەزى تەرەپلەردە ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش، شەرەپ ـ نومۇسىنى قوغداش يولىدا زالىملارغا بېرىلمەيدىغان ئۆزرىلەر بېرىلىشى كېرەك.

2 ـ پۈتۈن دۇنياغا دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيەدە بولىدىغانلار

بۇلار «جىھاد» ئۇقۇمىنى دۇنياغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش دەپ قارىغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلارمۇ، ئىسلام دەۋىتىنى توسقانلارمۇ، دىندا پىتنە پەيدا قىلغانلارمۇ، مۇسۇلمانلار بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشنى خالىغانلارمۇ، مۇسۇلمانلارغا قارشى قورال كۆتەرمىگەنلەرمۇ، ئاداۋەت ئىزھار قىلمىغانلارمۇ ئوخشاش. بەلكى دۇنيادىكى بارچە كاپىرلار ئوخشاشلا دۈشمەن بولۇپ، ئۇلارغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش پەرز، كاپىرلىقنىڭ ئۆزى ئۇرۇش قوزغاشقا يېتەرلىك دەپ قارايدۇ!

قۇرئان، ھەدىسلەردە كەلگەن بىزگە قارشى ئۇرۇشمىغانلار بىلەن تىنچلىق ئورنىتىش، بەلكى ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ۋاقىتلىق ئۆتكەن دەپ قارايدۇ. ئۇلار بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، خەلقئارا قانۇنلار، دۆلەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى بىتەرەپ قىلىشتەك مەسىلىلەردە خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئىسلام دۇنياغا قىلىچ ئارقىلىق تارقالغان دەپ قارايدۇ. بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلغان ياشلار كۆپ بولۇپ، ئىسلام دەۋەت ئارقىلىق تارقالغان دېگەن ئۇقۇمنى مۇسۇلمانلارنى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«جىھاد»تىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان سۈيىقەست دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسىملىرى ساياھەتچىلەر، يولۇچىلارغا ئوخشاش مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرنى گۆرۈگە ئېلىش، ئۆلتۈرۈشتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئىسلامغا زوراۋانلىق، تېررورلۇق قالپىقىنىڭ كېيگۈزۈلۈشىگە زېمىن ھازىرلايدۇ.

3 ـ ئوتتۇراھال يول تۇتقانلار

بۇ ئېقىمدىكىلەر ئاللاھ ئۇلارنى ئوتتۇراھاللىق يولىغا باشلىغان، ئىلىم ـ ھېكمەت ئاتا قىلغان، شەرىئەت بىلىملىرىدە بەسىرەت (يىراقنى كۆرۈش)، رىئاللىقنى ياقىلاش ئالاھىدىلىكلىرىنى ئاتا قىلغان. ئۇلار بىرىنچى خىل ئېقىمدىكىلەرنىڭ جۈرئىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ئىككىنچى خىل ئېقىمنىڭ خاتالىقلىرىنى قوبۇل قىلمايدىغان ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىنغانلاردۇر.

ئۆتمۈشتە كىسرا، قەيسەر، كېيىنكى زامانلاردا قورال كۈچى بىلەن زوراۋانلىق ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىنى توسىدىغان، خەلقىگە زۇلۇم قىلىپ ئېزىدىغان زالىملارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىش يولىغا قويۇلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ۋاسىتىلىرى كۆپ بولۇپ، ھازىرقى زامان تېخنىكىسى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈشتە ھېچقانداق كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. تور ئارقىلىق ئاۋازىمىزنى خالىغان ۋاقىتتا دۇنياغا يەتكۈزەلەيمىز. دۇنيادا ئىنتېرنېتنىڭ ئومۇملىشىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئۇلۇغ جىھادلارنىڭ بىرى تور دۇنياسىدىكى «جىھاد» بولسا كېرەك. ئەپسۇسكى، بىز بۇ مەيداندا مىڭدا بىر پىرسەنت ئورۇنغىمۇ ئىگە بولالمىدۇق.

ئىسلام ئونلاين تور بېتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىگىنىمدە: ھازىرقى زامان جىھادى مۇشۇ ئۇنىڭدىن ئىبارەت. كارۋانغا قوشۇلۇشنى خالىغان، ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش پەزىلىتىگە ئىگە بولۇشنى خالىغان كىشى قېنى، مېلى، ۋاقتى، بىلىمى ئارقىلىق مۇجاھىدلار كارۋىنىغا قوشۇلسۇن. بۈگۈنكى بۇ دەۋەت جىھادى تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇزاق مۇددەتلىك جىھادتۇر، دېگەن ئىدىم.» (يۈسۈپ قەرزاۋىنىڭ سۆزى تۈگىدى)

ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىغا بۆلۈنگەندەكلا، جىھادنىڭمۇ بىر قانچە تۈرلىرى بار. ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزى «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىدا جىھادنى تۆت دەرىجە، ئون ئۈچ تۈرگە بۆلگەن.

جىھادنىڭ تۆت دەرىجىسى:

1. نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش.
2. شەيتان بىلەن جىھاد قىلىش.
3. كۇپپارلار بىلەن جىھاد

قىلىش.

4. مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىلىش.

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش تۆت دەرىجىدۇر:

1. ئىنسان ئۆزىگە توغرا يول، ھەق دىنىنى كۆرسىتىدىغان ئىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق جىھاد قىلىش بولۇپ، ئىلىمسىز ئىنسان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ.

2. بىلگىنىگە ئەمەل قىلىش جىھادى بولۇپ، ئەمەل قىلىنمىغان بىلىم ئىنسانغا زىيان قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئەسقاتمايدۇ.

3. دىنغا دەۋەت قىلىش، بىلمىگەنلەرگە ئىلىم ئۆگىتىش جىھادى بولۇپ، ئاللاھنىڭ دىنىنى يوشۇرماستىن تارقىتىش نەپسى بىلەن جىھاد قىلغانلىقتۇر.

4. ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش يولىدا كېلىدىغان جاپا-مۇشەققەت ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىشتىن ئىبارەت. مەزكۇر تۆت مەرتىۋىنى بېسىپ ئۆتەلىگەن كىشى ھەقىقىي رەببانىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

شەيتان بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ ئىككى مەرتىۋىسى بار:

1. ئىمانغا داغ تەگكۈزىدىغان شەك-شۈبھىلەردىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

2. بۇزۇقچىلىقلار، شەھۋانىيلىقلاردىن يىراق تۇرۇش جىھادى بولۇپ، ئاۋۋالقى جىھادتىن جەزمىيەت، ئىككىنچىسىدىن سەۋرچانلىق ھاسىل بولىدۇ.

كۇپپارلار ۋە مۇناپىقلار بىلەن جىھاد قىلىش تۆت دەرىجىدۇر:

1. قەلب ئارقىلىق.
2. تىل ئارقىلىق.
3. مال-دۇنيا ئارقىلىق.
4. جان ئارقىلىق.

كۇپپارلار بىلەن بولىدىغان جىھاد قول ئارقىلىق بولۇپ، مۇناپىقلار بىلەنكى جىھاد بولسا تىل ئارقىلىقتۇر.

زالىملار، بىدئەتچىلەر، مۇنكەر ئىش قىلىدىغانلار بىلەن بولىدىغان جىھاد مۇنداق ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ.

قۇدرىتى يەتسە قول ئارقىلىق بولىدۇ، ئەگەر ئاجىز كەلسە تىل ئارقىلىقلا بولىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئاجىز كەلسە قەلبىدە نارازىلىق بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

«كىمكى غازات قىلماي، غازات قىلىشنى نىيەت قىلماي ئۆلۈپ كەتسە مۇناپىقلىقنىڭ بىر ئالامىتى ئۈستىدە ئۆلگەن بولىدۇ.»

پايدىلانغان مەنبەلەر:
زادۇلمەئاد: ئىبنى قەييىم جەۋزى.
فىقھۇلجىھاد : يۇسۇف ئەلقەرداۋى.
تەپسىر ئىبنى كەسىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




## ئىراقنىڭ يەر كۆلىمى ۋە نوپۇسى:

ئىراقنىڭ ئومۇم يەر كۆلىمى: 438.446 كۋادرات كىلومېتىر، قۇرۇقلۇقتا ئىران، ئىئوردانىيە، كۇۋەيت، سەئۇدى ئەرەبىستان، سۈرىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن چېگرا سىزىقلىرى بار بولۇپ، دېڭىزغا قارىتىلغان چېگرا سىزىقى 58 كىلومېتىر كېلىدۇ[1].

ئىراقنىڭ ئومۇم نوپۇسى 37 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئەرەبلەر 75% نى، كۇردلار 15% نى ئىگىلەيدۇ، قالغان 10% نوپۇسنى تۈركمەنلەر، ئەرمەنلەر، *مەندائىيەلەر*، چەركەسلەر، ئىرانلىقلار، شەبەكلەر، يەزىدىيەلەر ۋە كاۋلىيە قاتارلىق مىللەتلەر ئىگىلەيدۇ[2].

ئىراقتا ئەرەبلەر ۋە كۇردلاردىن قالسا سانى ئەڭ كۆپ بولغان ئۈچىنچى مىللەت تۈركمەنلەر بولۇپ، نوپۇسى 3 مىليوندىن ئاشىدۇ. كۆپۈنچىسى ئەھلى سۈننەت بولغان ئىراق تۈركمەنلىرىنىڭ ئاز بىر قىسمى باغداتتا ياشىسىمۇ، كۆپىنچىسى شىمالى رايونىدىكى: كەركۇك، جەلۇلا، سەدىيە، سۇلايمان بېك، تۇز خۇرماتۇ، كەپرى، تىلئەپەر، مۇسىل، ئەربىل ۋە ئالتىن كۈبرى قاتارلىق شەھەرلىرىدە ياشايدۇ. ئىراقتىكى تۈركمەنلەر ئوغۇز تۈركلىرى ئەۋلادلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىراققا كېلىپ يەرلىشىشى مىلادىيە 7 ـ ئەسىردە ئۇمەۋىلار ھەربىي قوماندانى ئەبەيدۇللا بىن زىيادنىڭ تۈركىستان دىيارىدىن 2000 ئەسكەرنى ئىراققا يۆتكىشى بىلەن باشلىنىدۇ. سەلجۇقلار ھاكىمىيىتى زامانىدا ئىراققا ناھايىتى كۆپ

[1] ـ ۋىكىپېدىيە ـ ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / ئىراق جۇغراپىيسى

[2] ـ ۋىكىپېدىيە ـ ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / ئىراق تۈركمەنلىرى

ساندا تۈرك ئەسكەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى يۆتكىلىدۇ. شۇنداقلا ئوسمانلى خەلىپىلىكى زامانىدىمۇ ئىراققا خىزمەت بىلەن كېلىپ يەرلىشىپ قالغان دۆلەت خادىملىرى بىلەن ئوسمانلى ئەسكەرلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى ناھايىتى كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ.[①]

## ئىراقتىكى دىنلار ۋە مەزھەپلەر:

ئىراقتىكى يەرلىك ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى شىئەلەر بولۇپ، ئومۇم نوپۇسنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ ۋە باغدادنىڭ جەنۇبىدىكى ۋىلايەتلىرىدە ياشايدۇ. ئەمما ئەھلى سۈننەت نوپۇسى ئومۇم نوپۇسنىڭ 30% پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ ۋە باغداتنىڭ شىمالىدىكى ۋىلايەتلىرىدە ياشايدۇ. ئىراق ئومۇم نوپۇسىنىڭ 93% پىرسەنتى شىئە ۋە ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرىدىن تەركىپ تاپىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ 67% نى شىئە ۋە 33% نى ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى تەشكىل قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىن باشقا دىنلارغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار سانى بولسا ئومۇم نوپۇسنىڭ 07% نى ئىگىلەيدۇ.

ئىراقتىكى خرىستىئانلار سانى بىر مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىلادىيە 60-يىللىرىدىن باشلاپ، ئىراق زېمىنلىرىدە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىراق خرىستىئانلىرى، كىلدان كاتولىكلىرى، ئاشۇرىي نەساترەلىرى، سىريانىلاردىن بولغان كاتولىك ۋە ئورتودوكس خرىستىئانلىرى ھەمدە ئەرمەن كاتولىكلىرى بىلەن برۇستانتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىراق يەھۇدىلىرى سانى 120 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىراق زېمىنلىرىدا بابىلى ۋە ئاشۇرى زامانلىرىدىن باشلاپ ياشاپ كېلىۋاتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇلار ئىراقتىكى كامۇنىست ۋە سوتسىئالىست پارتىيىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدە چوڭ رول ئوينايدۇ. يەھۇدىيلار باغدات ۋە بەسرە شەھەرلىرىدە كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە كۇردىستان يەھۇدىيلىرىنىڭ سانىمۇ ئاز ئەمەس، ئۇلار باغدادنى ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن: ھەزقىيا، ئەزرا، يۇشەئىبن كوھىن ۋە ئىسھاق بىن ئەلغائۇۋنى قاتارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قەبرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس شەھەر ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ باغداتتا 19 مەكتىپى بار بولۇپ، ئۇ مەكتەپلەر ئىراقتىكى ئەڭ قەدىم مەكتەپلەر ھېسابلىنىدۇ، سۇۋارا ناملىق مەكتىپىنىڭ مىلادىيە 219-يىلى قۇرۇلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

يەزىدىيەلەر ئىراقنىڭ شىمالىدىكى سىنگار تاغلىق رايۇنلىرىدا ياشايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىلاھىنىڭ ئىسمى يەزدان، «پاك ۋە ئەڭ ياخشى روھ» دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلار ئىبلىس شەيتاننى پەرىشتە، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى ھېسابلايدىغان بولغاچ، باشقىلار ئۇلارنى

---

[①]-ۋىكىپېدىيە - ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / ئىراق نوپۇسى

uyghurkitap.com

شــەيتانغا ئىبــادەت قىلغــۇچىلار دەپمــۇ ئاتايدۇ[①].

## ئىراقنىڭ قىسقىچە سىياسى تارىخى

1532 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئوسمانلى خەلىپىلىكىگە تەۋە ھالدا ياشىغان ئىراق، خىلاپەتنىڭ يىقىلىشى بىلەن ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، (بىرىنچى بولۇپ ئوسمانلى خىلاپىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ۋە ئەرەب دۇنياسىنىڭ قىرالى بولۇش شېرىن خىيالى بىلەن ئوسمانلى خىلاپىتىگە قارشى ئىنگلىزلار بىلەن بىرسەپتە تۇرغان، ھىجاز ۋالىيسى ھۆسەيىن بىن ئەلىنىڭ 3 ـ ئوغلى) پەيسەل بىن ھۆسەيىن بىن ئەلى ئەلھاشىمى، 1921 ـ يىلى ئەنگلىيە تەرىپىدىن ئىراققا قارال تەيىن قىلىندۇ. 1933 ـ يىلى ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، ئوغلى غازى ئەۋۋەل 1939 ـ يىلغىچە ۋە نەۋرىسى ئىككىنچى پەيسەل 1958 ـ يىلغىچە قىراللىق تەختىدە ئولتۇردۇ. 1958 ـ يىلى «14 ـ ئىيۇن ئىنقىلابى» نەتىجىسىدە ئەنگلىيە ھىمايىسى ئاستىدىكى، ھاشىمىيە قىراللىق ھاكىمىيىتىگە خاتىمە بېرىلىپ «ئىراق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدۇ[②].

جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن «ئەرەب سوتسىئالىست بىرلىكى» رەھبەرلىرى ئارىسىدا 4 ئۆۋەت ئىچكى ئىنقىلاپ ئارقىلىق ھاكىمىيەت ئالماشقاندىن كېيىن، 1968 ـ يىلى «ئەلبەئس پارتىيىسى» يەنە ئىچكى ئىنقىلاپ ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە رەھبىرى ۋە ئىراق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەھمەت ھەسەن ئەلبەكىر، ئۆزىنىڭ مۇئاۋىنى سادام ھۆسەيىننى ئۇنىڭ ئىچكى ئىنقىلاب جەريانىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى تەقدىرلىگەن ھالدا، ئىراق مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەيدۇ. 1979 ـ يىلى ئۆز رەئىسىنى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن سادام ھۆسەيىن، رەئىسلىك تەختىدە ئولتۇرغان كۈندىن ئېتىبارەن، ئىراق ئىچىدە قاتتىق قوللۇق سىياسەتلىرى ئىجرا قىلىش بىلەن بىرگە، بىرنەچچە ئون قېتىم تىنچلىق ئىچىدە نامايىش ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇش ئارقىلىق ئاممىۋي قىرغىنچىلىق ئېلىپ باردۇ. ھەلەبجە، ئەنپال رايونلىرىدىكى سالامغا قارشى قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ھۇقۇشلىرى جەريانىدا خىمىيلىك بومبىلىرنى قوللانغان بولۇپ، مىڭلارچە بىگۇناھ پۇخرالار زەھەرلىنىدۇ. 1980 ـ يىلى ئىران بىلەن بىرىنچى پارىس قولتۇقى ئۇرۇشى باشلىغان بولۇپ، 8 يىل ئۆزلۈكسىز داۋام قىلغان ئۇرۇش نەتىجىسىدە: ئىككى تەرەپتىن بىر مىليون كىشى ئۆلدۇ ۋە مىليونلارچە كىشىلەر يارىلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن ئىراق خەزىنىسىدىن چىققان ئىقتىسات 500

---

① ـ ئىراقتىكى دىنلار ۋە مەزھەبلەر / رەشىد ئەلخىيۇن كىتاۋى

② ـ ئىسلام ۋېب تور بېكىتى / ئىراقتىكى مەزھەپلەر

ملىيارد ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشىدۇ. 1990 - يىلى كۇۋەيتنى ئىشغال قىلىش ئارقىلىق ئىككىنچى نۆۋەتلىك پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا سەۋەبچى بولغان سادام ھۇسەيىن! ئۇرۇش جەريانىدىكى پۈتۈن چىقىملار ئۈچۈن تۆلەم تۆلەش ئارقىلىق ئىراقنىكى ئىقتىسادى كىرىزىسقا سەۋەبچى بولىدۇ[1] - [2].

2003 - يىلى 22 - ئىيۇل كۈنى ئامېرىكا رەئىسى جورج بۇش تەرىپىدىن ئىراققا ۋاقىتلىق ھاكىم تەيىنلەنگەن ئامېرىكا ئەلچىسى بول پىرىمىر، ئىراق پارلامېنتى ۋە بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىراق ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئىراق ئىچكى ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىشقا باشلايدۇ. بول پىرىمىر ئىراقتىكى شىئە رەھبەرلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشقان ھالدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ۋاقىتلىق ئاساسى قانۇن تەييارلايدۇ، 2004 - يىلى ئىيۇن ئېيىدا ھاكىمىيەتنى ئىراق يەرلىك قەبىلە باشلىرىدىن بىرى بولغان غازى ئەلياۋەر رىياسەتچىلىكىدىكى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزىدۇ. 2005 - يىلقى سايلام نەتىجىسىدە «كۇردىستان مىللى بىرلىك پارتىيىسى» رەھبىرى جالال تالىبانى بىرىنچى نۆۋەت ۋە 2009 - يىلى ئىككىنچى نۆۋەت ئىراق جۇمھۇرىيىتى رەئىسى سايلىنىدۇ. 2014 - يىلى يەنە قايتا مەزكۇر كۇردىستان مىللى بىرلىك پارتىسى رەھبىرى پۇئاد مەسۇم رەئىس سايلىنىدۇ[3].

2011 - يىلى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ ئىراقتىن چېكىنىشى بىلەن، ئىراق ئىچىدە پەۋقۇلئاددە قالايمىقان ۋە مۇقىمسىز بىر ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئەھلى سۈننەت مۇسۇلمانلىرى، شىئەلەر ۋە كۇردلار ئىچىدىن نەچچە ئونلىغان قۇراللىق تەشكىلاتلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ئىراق زېمىنلىرىنى خالىغانچە ئىگىلەشكە باشلايدۇ. مانا ھازىر باغداتتا ئىراق مەركىزى ھۆكۈمىتى، ئەربىل دە كۇردىستان يەرلىك ھۆكۈمىتى، ئەنبار، نەينەۋا ۋە كەركۇك قاتارلىق ۋىلايەتلەردە دائىش ھاكىمىيتى، باشقا بىر قانچە رايونلاردا، يەنە باشقا ئونلىغان قۇراللىق تەشكىلاتلار ھۆكۈم سۈرمەكتە[4].

شىئەلەرنىڭ ئىراق ئىچكى ئۇرۇشلىرىغا قارىتا پوزىتسىيىسى :

ئاساسلىق دىنى پائالىيەتلىرى شىئە ئىماملىرىنىڭ قەبرىلىرىگە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت بولغان بىر مەزھەپ كىشىلىرى ئۈچۈن ئىلىپ ئېيتقاندا، كۆپىنچە شىئە ئىماملىرىنىڭ قەبرىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىراق زېمىنى، ئالاھىدە مۇھىم ۋە مۇقەددەس زېمىن ھېسابلىنىدۇ.

[1] - ۋىكىپېدىيە - ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / ئىراق تارىخى

[2] - ئەلمۇسلىم نېت تور بېكىتى / سەددام ھۇسەيىن ھاياتى

[3] - ۋىكىپېدىيە - ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / سەددام جىنايەتلىرى

[4] - ۋىكىپېدىيە - ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / ئىراق ھاكىملىرى

www.uyghurkitap.com

ئىراقتىكى شىئە قوشۇنلىرى ئىچىدە: مۇقتەدا سەدىر باشچىلىقىدىكى ئەنسار قوشۇنلىرى بىلەن تەييار ئەلسەدىر رىياسەتچىلىكىدىكى مەھدى قوشۇنلىرى ئەڭ كۆپ ساننى ئىگىلەيدۇ. ئىراندا تەربىيىلەنگەن مىڭلارچە ئىراق ياشلىرىدىن تەركىپ تاپقان پەيلەق ئەنسار بەدىر قوشۇنى سان جەھەتتە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسلامىي ئىنقىلاپ قوشۇنلىرى، ئىسلام قائىدىسى، ئون بەشىنچى شەبان ئىسلام تەشكىلاتى، كەرىم مەھمۇد قوماندانلىقىدىكى ئاللاھ پارتىسى، ھەسەن سارىي قوماندانلىقىدىكى ئاللاھ پارتىسى، تاللانغان ئىسلام ياشلىرى، ئاللاھنىڭ قۇربانلىرى قاتارلىق تەشكىلاتلار ۋە ئۇندىن باشقىمۇ شىئە ئىنقىلابىغا تەۋە ئوخشاش بولمىغان ئىسىملاردىكى ئونلارچە قوشۇن ئىراقنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىنى ئىگىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا باغدات ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشماقتا.[1]

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىلگىرىدىن باشلاپ ئىراق شىئە لىدەرلىرى بىلەن كېلىشىۋالغان بولغاچ، ئىراق ئىچىدە ئامېرىكا سىياسىتىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈچى شىئە تاپقىلى بولمايدۇ. ئىراقتىكى شىئەلەرنىڭ دىنىي پېشۋاسى ئايەتۇللا ئەلئۇزما ئەلسەييىد ئەلسىستانىنىڭ ئۆز زامانىدا، ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ ھاراملىقى ھەققىدە بەرگەن پەتىۋاسى ئۈچۈن، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدىن 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغىنىدا، ئۇ ئۆزى بايانات ئېلان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەزكۇر مەبلەغنى خەلقىمىز ئىچىدىكى پېقىر ۋە موھتاجلارغا تارقىتىش ئۈچۈن ئالدۇق. دېمەك: ئامېرىكىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن دۈشمەن ھېساپلايدىغان شىيئە ئالىملىرى، ماددى پايدا مەنپەئەت ۋە سىياسىي ئىمتىيازلار بەدىلىگە، ئامېرىكا بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭمۇ ھاراملىقىغا پەتىۋا بېرىدۇ[2].

## ئەھلى سۈننىيلەرنىڭ ئىراق ئىچكى ئۇرۇشلىرىغا قارىتا پوزىتسىيىسى

1 ـ (المجلس العسكري لعشائر العراق) «ئىراق قەبىلىلىرىنىڭ قوراللىق قىسىم ھەيئىتى» ئوخشاش بولمىغان 78 قەبىلىلەر بىرلىكى بولۇپ، ئۇلار رەمادى، خالىدىيە، كۆرمە، پەللۇجە قاتارلىق شەھەرلىرىدىن باشقا ئەنبار، نەينەۋا، سالاھىدىن، بەئقۇبە، دىيالى ۋە كەركۇك ۋىلايەتلىرىنى بەزى رايونلىرىنى، ھەمدە باغداتقا تەۋە ئەبۇ غېرىب، يۇسفىيە، تاجى ۋە تارمىيە قاتارلىق مەھەللىلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلماقتا. قەبىلىلەر بىرلىكىگە تەۋە قوراللىق كىشىلەرنىڭ سانى ئېنىق

[1] ـ ۋىكىپېدىيە ـ ئوچۇق ئېنسىكلوپېدىيە / ئىراق ئۇرۇشى

[2] ـ ئەلجەزىرە نىت تورى بېكىتى / ئىراقتىكى شىئە قوراللىق قوشۇنلىرى تىزىملىكى

بولمىسمۇ ئەھلى سۈننەتتىن ئونمىڭلارچە كىشىلەرنىڭ بۇ بىرلىككە تەۋە ئىكەنلىكى ۋە كۈندىن كۈنگە سانى كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقى تەكىتلەنمەكتە.

2 ـ (أنصار الإسلام العراقية) مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ ئىراقتىكى شۆبىسى ھېسابلىنىدىغان، «ئىراق ئىسلام ياردەمچىلىرى» تەشكىلاتى 2001 ـ يىلى ئەلمۇللا كەرىكار رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان بولۇپ، نەينەۋا، كەركۇك ۋە ديالى ۋىلايەتلىرىنى بەزى رايونلىرىنى ئىگىلەپ تۇرماقتا. ئىلگىرى ئەلقائىدە ۋە دائىش بىلەن قۇراللىق توقۇنۇشلار كىرگەن تەشكىلاتنىڭ كېيىنچە دائىش بىلەن ئىچكى جەھەتتىن بىرلەشكەنلىكى ۋە دائىش رەھبىرى ئەبۇبەكىر ئەلبەغدادىغا بەيئەت قىلغانلىقى زىكىر قىلىنماقتا. ئۇلارغا تەۋە قۇراللىق كىشىلەر سانىنىڭ 5 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار قەندىل تاغلىق رايونلىرىنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئىگىلىگەن ھالدا كۇردىستان دىنسىز تەشكىلاتلىرى بىلەن قۇراللىق ھالدا توقۇنۇشماقتا.

3 ـ (جيش المجاهدين العراقي) مۆتىدىل سەلەپى ئېقىمدىكى«ئىراق مۇجاھىت قوشۇنى» بىرلىكى، 2008 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا تەۋە قۇراللىق كىشىلەر سانىنىڭ 4 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى تەخمىن قىلىنماقتا. ئۇلار كۆرمە، پەللۇجە، ئەبۇ غەرىب ۋە باغداتنىڭ يۇسۇپىيە بىلەن تەكرىت شەھرىنىڭ بەزى رايونلىرىنى ئۆزلىرىگە مەركەز قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلماقتا.

4 ـ (الجيش الإسلامي العراقي) «ئىراق ئىسلام قوشۇنى» ئەھلى سۈننەت سىپىدىكى 3 ـ چوڭ قۇراللىق تەشكىلات بولۇپ، 2004 ـ يىلى قۇرۇلغان بۇ تەشكىلات «ئەلقائىدە» بىلەن قۇراللىق توقۇنۇشقا كىرىدۇ، ئۇلار ئىسلامچىلار، ۋەتەن سۆيەرلەر ۋە ئەرەب مىللەتلىرىدىن تەركىب تاپقان قوشۇن بولۇپ، ئۇلار باغدات، سالاھىدىن ۋە نەينەۋا ۋىلايەتلىرىنى بەزى رايونلىرىنى مەركەز تۇتقان ھالدا ھەرىكەت قىلماقتا.

5 ـ (كتائب ثورة العشرين) «يىگىرمىنچى ئىنقىلاپ گۇرۇپپىسى» ئىراقتا ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا چىققان جىھادچى گۇرۇپ بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنى 1920 ـ يىلى ئەنگىلىيە ئىستىلاسىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان ئىنقىلابچىلارنىڭ داۋامى ھېسابلايدىغان بولغاچ، ئۆزلىرىنى ئوخشاش ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭمۇ مىڭلارچە مىللەتچى قۇراللىق ۋە قورالسىز ئەگەشكۈچىلىرى بار بولۇپ، باغدات، ئەنبار، سالاھىدىن ۋە كەركۇك ۋىلايەتلىرىگە تەۋە بەزى رايونلارنى مەركەز تۇتقان ھالدا ھەرىكەت قىلماقتا.

6 ـ (جيش رجال الطريقة النقشبندية) «نەقشىبەندى جامائىتى قۇراللىق قوشۇنى» بىرلىكى، مۇسۇلمان قېرىنداشلار پىكرىنى قوبۇل قىلغان قۇراللىق كىشىلەر، سادام ھۈسەيىننىڭ مۇئاۋىن ئىززەت ئىبراھىم ئەلدەۋرى رىياسەتچىلىكىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئەلبەئىس پارتىيە ئادەملىرى ۋە نۇرى ئەلمالىكى ھۆكۈمەت ئادەملىرى قاتارلىق بىر - بىرىگە قارشى پىكىردىكى بىر نەچچىخىل ئېقىمدىكى كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان بىرلىك بولغاچ، ئەھلى سۈننەت ئىچىدە ئەڭ كۆپ تالاش تارتىش ۋە جېدەل ماجراغا سەۋەبچى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار نەينەۋا، كەركۈك، باغدات ۋە مۇسۇل شەھەرلىرىنىڭ بەزى رايونلىرىنى ئۆزلىرىگە مەركەز تۇتقان ھالدا ھەرىكەت قىلماقتا.

7 - (الدولة الإسلامية في العراق والشام) «ئىراق ۋە شام ئىسلام دەۋلىتى» دېگەن ئىسمىنىڭ ئەرەبچىدىكى قىسقارتىلمىسى«دائىش» بولۇپ، ئۇ 2003 - يىلى ئئوردانىيلىك ئەبۇ مۇسئەب ئەلزەرقاۋىي رىياسەتچىلىكىدە ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىش جەريانىدا «ئەتتەۋھىد ۋەلجىھاد» نامى بىلەن قۇرۇلغان بولسىمۇ، 2004 - يىلىغا كەلگەندە، 1988 - يىلى ئافغانىستاندا ئۇسامە بىن لادىن رىياسەتچىلىكىدە قۇرۇلغان «ئەلقائىدە» قۇراللىق تەشكىلاتىغا بەيئەت قىلدۇ ۋە ئىسمىنى: «دەجلە ۋە پۇرات دەرياسى دۆلەتلىرىدىكى جىھاد مەركىزى»گە ئۆزگەرتىدۇ. 2006 - يىلى ئىراقتىكى باشقا قۇراللىق تەشكىلاتلار بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، قايتىدىن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ ئاۋۋال «ئىراقتىكى مۇجاھىدلار كېڭىشى»دەپ ئاتىسا، كېيىنچە «ئىراق ئىسلام دۆلىتى» دەپ ئاتايدۇ.

سۈرىيەدە ئىچكى ئىنقىلاب پارتلاپ سۈرىيە تەرەپكە يۈرۈش باشلانغاندىن كېيىن، سۈرىيەنىمۇ ئۆز تېرورىتورىيەسى ئىچىگە قوشۇۋالغان «ئىراق ئىسلام دۆلىتى»، قايتىدىن ئىسىم ئۆزگەرتىپ «ئىراق ۋە شام ئىسلام دۆلىتى» دېگەن ئىسمىنى ئېلان قىلدۇ. 2014 - يىلى 27 - ئىيۇل كۈنى ئۆز تەۋەلىكىدە ئىسلامىي خىلاپەت ئېلان قىلغان دائىش مەسئۇللىرى، ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش دۆلىتىنىڭ ئىسمىنى «ئىسلام دۆلىتى» دەپلا ئاتاشنى قارار قىلدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپىنچە ئالىملار «ئىسلام دۆلىتى» دېگەن يېڭى ئىسىمغا ئېتىراز بىلدۈرگەن ئۈچۈن، ھازىرمۇ ئىلگىركى ئىسمى بويىچە «دائىش» دەپ ئاتايدۇ. مەزكۇر تەشكىلات ئەزالىرى ئىراق، سۈرىيە، جەنۇبى يەمەن، لىۋىيە، سىنا، ئەزۋاد، سومالىيە، نىگېرىيە ۋە پاكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارالغان بولۇپ، ئىراق ۋە سۈرىيەدە قۇراللىق قوشۇنلىرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ بولغان تەشكىلات ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلار پۈتۈن دۇنيادا ئىسلامىي خىلاپەتنى قايتا تىكلەش ئارقىلىق ئىسلامىي شەرىئەت قانۇنلىرىنى تولۇق ھۆكۈم يۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغانلىقلىرىنى داۋا قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، كۆپىنچە ئىسلام ئالىملىرى، ئۇلارنىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى، نەزەردە تۇتۇپ ئۇلارنى «زامانىمىزنىڭ خاۋارىجلىرى» دەپ ھۆكۈم قىلماقتا.




ئىستىخباراتنى تېخمۇ ئىنچىكە تەھلىل قىلغانسېرى ئۇنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دىنىي كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىستىخبارات ″خەلقكە ئاشكارىلانمىغان ئۇچۇر ۋە بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئاز بىر قىسمىغا ئاساسلىنىپ ئېلىپ بېرىلغان ئانالىزلارنىڭ سىياسىي قارار چىقارغۇچىلار ياكى ھۆكۈمەتتىكى باشقا كىشىلەر ئۈچۈن ھازىرلانغانلىرىدۇر. ئىستىخباراتنى پەرقلىق قىلغىنى يوشۇرۇن توپلانغان ئۇچۇرلارنى قوللىنىشى ۋە قارار چىقارغۇچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى دەرھال يۈز بېرىدىغان ئىشتەك قىلىپ تەييارلىشىدۇر.″ **(CFR, copi. com)**

بۇ تەبىردە ئىستىخباراتنىڭ دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ، ئىستىخباراتتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچۇرلارنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر قىسمىنىڭ يوشۇرۇن بولۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ مەجبۇرىيەت ئەمەس، بۇگۈنكى كۈندە ئىستىخبارات ناھايىتى ئاشكارا مەنبەلەردىن ئۇچۇر توپلىماقتا.

يېغىنچاقلىغاندا، ئىستىخبارات ھەرخىل پىلاندىكى سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش ۋە مىللىي سىياسەتنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە بارلىق ئاشكارا، يېرىم ئاشكارا ۋە مەخپىي مەنبەلەردىن ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قولغا كىرگۈزۈلگەن تۈرلۈك مەلۇمات ۋە ئۇچۇرلارنى توپلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ مۇھىملىق ۋە ئىشەنچلىكلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن تۈرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش، ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بىلىمدۇر.

ئابرام شۇلسكى **(Abram Shulsky)**نىڭ ″ئىستىخبارات ھەرخىل سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە ئەسكىرى ۋەقەلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىن مۆلچەرلەشنى مەقسەت قىلغان ئۇنىۋېرسال ئىجتىمائىي پەندۇر″ دېگەن تەبىرى ئىستىخباراتقا بېرىلگەن ئەڭ ياخشى تەبىرلەردىن بىرى. **(ھېرمان116 :1996)**

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تەبىرلەرگە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاساسلانغاندا، ئىستىخباراتنىڭ مەقسىتى رەقىپ دۆلەت، قۇرۇلۇش ياكى گورۇھنىڭ

ئا) مەۋجۇت ۋە مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن بولغان رەقىپنىڭ قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك نىيەتلىرىنى

ب) قىسقا ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەدبىرلەرنى ئالغانلىقىنى

س) بۇ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بار يوقلىقىنى ئېنىقلاپ چىقىشتۇر. (شەنەل، 23 ـ 22 :1997 )

يۇقىرىدىكى جەرياننى كونكرېت مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ باقايلى:

ئا) يۇنان ئىستىخباراتى تۈركىيەنىڭ قىبرىستىكى ئاساسلىق مەقسىتى توغرىسىدا يۇناننىڭ قىبرىسنى قوشۇۋېلىشىغا قارىتا پارچىلاش ئارقىلىق جاۋاب بېرىدىغانلىقىدەك ئانالىزنى 1963 ـ ۋە 1967 ـ يىللىرىدا قىلغان بولۇشى كېرەك.

ب) تۈركىيەنىڭ 1963 ـ ۋە 1967 ـ يىللىرىدا تۈركىيەنىڭ بۇنداق ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا چىققان. ئەمما تۈركىيە 1967 ـ يىلدىن بېرى تۈركىيە بىر تەرەپتىن ئايرىش يولىنى بەرپا قىلىشقا باشلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئايرىش بىرلەشمىلىرىنى قۇرۇشقا باشلىغان.

س) 1970 ـ يىللاردا ئاتېنا ئەنقەرەنىڭ مەقسىتى بىلەن ۋاستىسى ئارىسىدا ماسلىق بارلىقىنى بىلىپ بولغان بولۇشى كېرەك. يەنە بىر ئېھتىماللىق ئاتېنانىڭ بۇنى ئېنىقلىمىغانلىقى ياكى ئېنىقلىغان بولسىمۇ، تۈركىيەنىڭ ئايرىشنى ئېلىپ بارمايدىغانلىقىغا ئىشەن بولۇشىدۇر.

يۇقىرىقىلارغا ئاساسلانغاندا ئىستىخباراتنىڭ تۆت ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ:

1) ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمغا ئۈچراشنى توسۇش

2) ئۇزۇن مۇددەتلىك مۆلچەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش.

3) سىياسەت ئوتتۇرىغا قويۇشقا ياردەمچى بولۇش

4) بىر دۆلەتنىڭ ئۈچۈرلىرى، ئېھتىياجلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى يوشۇرۇش. (لوۋېنتال 5 ـ 2 :2000)

1) ھېچقانداق ھۆكۈمەت ستراتېگىيىلىك ياكى تاكتىكىلىق ھۇجۇمغا ئۈچراشنى خالىمايدۇ. بۇ يەردە ستراتېگىيىلىك ھۇجۇمنى ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا ھۇجۇم ئۈچۈن ″ھاك ـ تاك قىلىش’ مەنىسىدىكى سۆز قوللىنىلىدۇ. بەزى تۈرك ئىستىخباراتچىلىرىنىڭ قارىشىچە، بىر ھەرىكەتنىڭ ھۇجۇم ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغان بولۇشى كېرەك. ئەمما بۇ ماقالىدا ھۇجۇم بىلەن ھاك ـ تاك قىلىش ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ، بەزىدە پەقەتلا ھاك ـ تاك قىلىش ئۇقۇمى بىلەنلا كۇپايىلىنىمىز.

مەسىلەن: بىر كۈنى ئەتىگەن ئورنىمىزدىن تۇرغاندا ئاراڭ دېڭىزىدىكى بارلىق ئاراللارنىڭ يۇنان ئارمىيىسى تەرىپىدىن قورشالغانلىقىنى، يۇنان دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ئاق دېڭىز ۋە ئادالار

دېڭىزىغا تۈرك دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرمىگۈدەك دەرىجىدە زىچ ئورۇنلاشقانلىقىنى كۆرسەك ۋە ئوخشاش بىر كۈندە ئاتىنانىڭ قۇرۇقلۇق سۈيىنى 12 مىلغا چىقارغانلىقىنى ئاڭلىساق، بۇ تۈركىيەگە قىلىنغان ستراتېگىيىلىك ھۇجۇم بولىدۇ.

2) كىشىلەر كۈنلۈك، ئايلىق ياكى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر نەچچە يىللىق نىشان بىلەن ياشىسا، دۆلەتلەر 5 ـ 10 يىللىق، ھەتتا بەزىلىرى 30 ـ 50 يىللىق نىشانلار بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ. بۇنداق باشقۇرۇش پەقەت ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات بىلەنلا (يەنى، كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلاش ۋە كەلگۈسىنىڭ تاسادىپىيلىقتىن خالىي ھالدا شەكىللىنىشى ئۈچۈن تىرىشىش ئارقىلىقلا) ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3) ئىستىخباراتنىڭ ھەممىسى ئۇزاق مۇددەتلىك بولماستىن، بەلكى كۈنلۈك، يىللىق ئىستىخباراتلارمۇ سىياسەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىغا تۆھپە قوشالايدۇ.

4) ئىستىخبارات باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلىغاندا باشقىلارنىڭ ئۇچۇر توپلىشىنى توسۇشقا تىرىشىدۇ.

ئىستىخبارات ئۇقۇمنى ئادەتتە تۆتكە ئايرىشقا بولىدۇ:

1) بىلىم مەنىسىدىكى ئىستىخبارات

2) جەريان سۈپىتىدىكى ئىستىخبارات

3) ۋەزىپە سۈپىتىدىكى ئىستىخبارات

4) گورۇھ سۈپىتىدىكى ئىستىخبارات

بىلىم مەنىسىدىكى ئىستىخبارات مەلۇم بىر مەلۇمات ياكى ئۇچۇر بولۇشى مۇمكىن. جەريان سۈپىتىدىكى ئىستىخبارات ئۇچۇرنىڭ توپلىنىشى، ئېنىقلىنىشى، باھالىنىشى ۋە تارقىتىلىشىدىن تەشكىل تاپقان ئىستىخبارات ھالقىسىدىن ئىبارەت. (جونسون 4 :1989) ۋەزىپە سۈپىتىدىكى ئىستىخباراتنى ئېلىپ بېرىش مەقسىتى ۋە ئېلىپ بېرىلغان يۇشۇرۇن ھەرىكەتلەرنىڭ ئولتۇرۇپ ئانالىز قىلىنىشىغىچە بولغان خىزمەتنى كۆرسىتىدۇ. گورۇھ مەنىسىدىكى ئىستىخبارات بولسا يۇقىرىدىكى بارلىق ھەرىكەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئورگاننى كۆرسىتىدۇ. (شەنەل 31 :1997)

ئۇچۇر، جەريان، گورۇھ ۋە ۋەزىپە يېغىش شەكلىدە تۆت كاتېگورىيەگە ئايرىلغان ئىستىخبارات روي گودسون Roy (Godson) نىڭ قارىشىچە ئۈچ جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1) يېغىش، ئانالىز قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارقىتىش جەريانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستىخبارات چاقپەلىكىنىڭ باشقا ھۆكۈمەت، سىياسىي پارتىيە، گورۇھ، ئارمىيە، كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى توپلىشى؛

2) باشقا ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇشۇنداق ھەرىكەتلىرىنى ئۈنۈمسىز ھالەتكە چۈشۈرۈشى؛

3) باشقا ھۆكۈمەت ۋە گۇرۇپپىلارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە تەسىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كۆرستەلەيدىغان يېپىق ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشى.

يوشۇرۇن ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇچۇر توپلاش - يوشۇرۇن ئىنسانىي ئىستىخبارات (يەنى، جاسۇسلۇق) ياكى تېخنىكىلىق ئىستىخبارات ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۇچۇر مەلۇمات توپلاشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئۈچ جەريان ئىستىخباراتنىڭ تۆت ئاساسلىق ئالاھىدىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇلار يوشۇرۇن ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇچۇر توپلاش، قارشى ئىستىخبارات، ئانالىز ۋە يېپىق ھەرىكەتتىن ئىبارەت.

قارشى ئىستىخبارات - باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىستىخبارات پائالىيەتلىرىنى بىلىش، ئۇنى ئۈنۈمسىز ھالغا كەلتۈرۈش ۋە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئانالىز - توپلانغان مەلۇماتلارنى باھالاش ئارقىلىق ئىستىخباراتقا ئايلاندۇرۇش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

يېپىق ھەرىكەت - چەتئەلدىكى ياكى دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي، پسىخولوگىيىلىك ۋە ئەسكەرىي ھەرىكەتلەرگە يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىش پائالىيىتىدۇر. (گودسون 325 :1995)

گوروھ، جەريان، ۋەزىپە ۋە ئۇرۇچ توپلاش جەھەتتىن مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ئىستىخباراتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇچۇر توپلاش ۋە يېپىق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نوقتىلارنى تۆۋەندىكىچە يېغىنچاقلىغىلى بولىدۇ:

1) مۇۋاپىق تۈزۈلگەن ۋە سىستېمىلىق جەريان

2) تەرتىپلىق مەشغۇلات

3) ئېنىق ئايرىلغان ۋەزىپە (مىكدوۋېل 16)

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلەر مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستىخبارات جەريانى ئۈچۈن شەرتتۇر. بۇ ئالدىنقى شەرتلەر ھازىرلانماي تۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئۈنۈملۈك ئىستىخبارات ئېلىپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىستىخباراتتا بولۇشقا تېگىشلىك باشقا ئالاھىدىلىكلەرمۇ مەۋجۇت. ئىستىخبارات پائالىيىتى ئۆزلۈكسىز، كەسكىن، توغرا، ئىلاستىك، يېڭىلىقچى، شۈبھىلىنەرلىك، كەلگۈسىنى مەركەز قىلغان، كەسپىي بولۇشقا تېگىشلىك پائالىيەتتۇر. (شەنەل38 :1997) تۆۋەندە بۇ پرىنسىپلار ئايرىم ئايرىم تەھلىل قىلىنىدۇ.

1. ئىستىخباراتنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى

مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ئىستىخبارات جەريانى چوقۇم مەلۇم پرىنسىپتا ئىزچىل چىڭ تۇرغان بولۇشى كېرەك. بۇ ئاساسلىق پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

ئا) ئىستىخبارات سىياسى تەييارلىقنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئامالىنىڭ بارىچە سۈرئەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇ يەردىكى سۈرئەت كەلىمىسىدە سىياسەت ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كېرەكلىك ۋاقىتنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن

ئۇچۇرلارنىڭ ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈشى كېرەكلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ۋەقەلەرنىڭ ئارقىسىدا قالغان ئىستىخباراتنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. يەنە بىر جەھەتتىن، دەل ۋاقتىدا، توغرا ئىستىخبارات قىلىش قىيىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئىستىخباراتچى بۇ توۋپەيلى كېلىش ئېھتىمالى بولغان خەتەر ۋە پۇرسەتلەر توغرىسىدا قارار چىقارغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇرۇشى كېرەك. ئىستىخباراتنىكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ئىستىخبارات ئېلىپ بارمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى توغرا ئىستىخباراتنىڭ ۋاقتىدا، توغرا ئادەمگە يەتكۈزۈلمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. (دوگلاس بىلەن گوددىن 65 :1995)

ب) كەسكىنلىك پرىنسىپى

سىياسەتچىلەرنىڭ ئىككىلەنمەيلا قارار چىقىرالىشى ئۈچۈن ئىستىخبارات مۇمكىنقەدەر كەسكىن بولۇشى كېرەك. ئىستىخبارات دوكلاتىنىڭ كەسكىن بولۇشى ئۇنىڭ بۇ ئىش چوقۇم يۈز بېرىدۇ، دېيىشىنى كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئىستىخبارات دوكلاتىدە يۈز بېرىشكە تېگىشلىك ئېھتىماللىقلار ئوچۇق تىلغا ئېلىنىشى كېرەك. يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى يۇقىرى بولغان، ئازراق بولغان، يۈز بېرىشى ناتايىن بولغان ئېھتىماللىقلار رەت تەرتىپى بويىچە بېرىلىشى كېرەك. يەنە بىر جەھەتتىن گۇمان نەزىرىدە تىلغا ئېلىنغان، كەسكىن بولمىغان "مۇنداق بولۇشى مۇمكىن، مۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، بۇ ۋاقىتتا بولۇشىمۇ، باشقا ۋاقىتتا بولۇشىمۇ، بولماسلىقىمۇ مۇمكىن" دېگەندەك شەكىلدىكى ئىستىخبارات دوكلاتىنىڭ قارار چىقىرىشتا ھېچقانداق ياردىمى بولمايدۇ. ئىسرائىلىيەنىڭ ئەسكىري ئىستىخباراتىنىڭ قوماندانى ئەلى زەرئىا (Eli Zeria) 1973 ـ يىلى ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشىدىن قىسقا مۇددەت بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويغان ئانالىزىدا ئەرەبلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ 45%، ھۇجۇم قىلماسلىق ئېھتىماللىقىنىڭ 55% ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ "ئەرەبلەر ھۇجۇم قىلارمۇ؟" دېگەن سۇئالىغا كەسكىن جاۋاب بەرگەن. نەتىجىدە ئىسرائىلىيە تەييارلىقسىز ھالەتتە ھۇجۇمغا ئۇچرىغان ئىدى. (دوگلاس 241)

س) توغرىلىق پرىنسىپى

ئىستىخبارات توغرا بولۇشى كېرەك. توغرا بولمىغان ئىستىخبارات خاتا ئۇچۇرلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە خاتا قارارلارنىڭ چىقىرىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، مىللى پالاكەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا ئىستىخبارات كۇرسلىرى **National Intelligence Course Textbook, (NIC)**دا ئىشلىتىلىدىغان **Joint Military Intelligence Training Center 1999"** ناملىق كىتاب خاتا ئىستىخباراتنىڭ ئىستىخباراتنىڭ بولمىغانلىقىدىنمۇ يامان ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر مىسال ئېلىپ چۈشەندۈرىدۇ. ئوسمانلى ئىستىخبارات ۋىنتسىيەدىكى بارۇت زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن بىر پارتلاش نەتىجىسىدىن ۋىنتسىيەنىڭ ئۇرۇشقا

www.uyghurkitap.com

ھازىرلىنىۋاتقانلىقىدەك يەكۈننى چىقارغان ۋە ۋېنتسىيەگە بىر ئۇلتىماتوم بەرگەن. ئەمەلىيەتتە ئوسمانلى ئارمىيىسىنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىنى مۆلچەرلەپ بولغان ۋېنتسىيە پارتلاشتا پەقەتلا تۆت كېمىدىن ئايرىلىپ قالغان. ۋېنتسىيە ياۋروپا ۋە باشقا دۆلەتلەردىن ياردەم ئېلىپ، ئوسمانلى ئارمىيىسىنى 1571 ـ يىلىدا چوڭ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان.

د) ئىستىخبارات مەقسەتكە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

ئىستىخبارات توپلاشقا ئوخشاش قىممەتلىك ۋە تېز سۈرئەتتە قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتتە ھەرخىل مەنبە ئىسراپچىلىقىدىن يىراق تۇرۇشى كېرەك. ئانالىزچى تېزراق نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەقەت نەتىجىگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان ماتېرىياللىلا تەھلىل قىلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىستىخباراتنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. يىغىنچاقلىغاندا، ئىستىخبارات دەل، توغرا، مەقسەتكە ئۇيغۇن ۋە ۋاقتىدا بولغاندىلا ئاندىن پايدىلىق بولىدۇ.

ئې) ئىستىخباراتنىڭ نەتىجىسى ۋەقەلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى يېڭى مەلۇماتنىڭ كېلىشى بىلەن ئۆزگىرەلەيدىغان ماسلىشىشچانلىققا ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئىستىخبارات توغما ئىقتىدارغا ئەمەس، بەلكى ھادىسىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا ماس كېلىدىغان يېڭىلىق يارىتىشچانلىققا ئىگە زېھىن ۋە تېخنىكىلارغا تايىنىشى كېرەك.

ئىستىخباراتچى مەلۇماتلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماس ھالدا ئىستىخباراتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

بىلىمەي تۇرۇپ قارار چىقارغىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىستىخباراتتا بىلىش بىلەن بىرگە يەنە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىمۇ مۇھىم. چۈنكى ئىستىخباراتچى ناھايىتى كەمچىل مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىپ قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىستىخباراتچىنىڭ ئالدىدا بارلىق قىسىملىرى تولۇق بولمىغان، بەلكىم ھېچقاچان تولۇق بولمايدىغان قوراشتۇرۇش تاختىسى بولىدۇ. ئىستىخباراتچى ئۇنىڭدىكى پارچىلارنىڭ كەملىكىگە قارىماي، ئۇنى قوراشتۇرۇپ چىقالىشى كېرەك. ئۇنىڭ بۇنى قىلالىشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بىردىنبىر يول ئۇنىڭ قولىدا تۇرغان نەرسىدىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى ئويلىيالىشىدۇر.

ف) ئىستىخباراتقا يېڭىلىق يارىتىشچانلىققا ئىگە زېھىن ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك.

گ) ئىستىخباراتتا ھەممە ئىش كۆرۈنگىنىدەك بولغان بولسا ئىدى، ئىستىخباراتقا ھاجەت قالمىغان بولاتتى.

ئىستىخباراتچى گۇمانخور بولۇشى كېرەك. قولىدىكى مەلۇمات ۋە ھادىسىلەرنى يېڭىلىق يارىتىشچانلىققا ئىگە بىر گۇمان بىلەن تەھلىل قىلىشى كېرەك. (شەنەل 99 ـ 98)

خ) ئىستىخباراتتا پەقەت نۆۋەتتىكى تەھدىت ۋە پۇرسەتلەر توغرىسىدىلا ئۇچۇر

توپلاش بىلەن كۆپايىلەنمەسلىك كېرەك.

ئىستىخبارات پەقەت كۈندىلىك سىياسەت ياكى پۇرسەت، مەنپەئەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىستىخبارات ئېلىپ بېرىش بىلەنلا كۆپايىلەنمەسلىكى، سىياسىي قارار چىقارغۇچىلار نۆۋەتتە ۋە يېقىندا تەلەپ قىلمايدىغان ئۇچۇرلارنىمۇ ئىستىخباراتنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئۇچۇر لازىم بولغاندا دەرھال تەمىنلىگىلى بولىدۇ.

ئى) ئىستىخبارات باشقا نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان كەسپىي جەرياندۇر.

ئىستىخبارات تەمىنلىگەن ئۇچۇرنى قوراللىق قىسىملار، ئۇنىۋېرسىتېتلار، مېدىئالار، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە ئوخشاش ئورگانلارنىڭ بەرپا قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ گورۇپپىلار ئىستىخباراتنىڭ ئانالىزىغا تۆھپە قوشالىشى مۇمكىن. ئەمما يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئىستىخبارات پەقەت شۇ ئىش ئۈچۈن مەخسۇس تەربىيەلەنگەن خىزمەتچىلەر ۋە ئۇ خىزمەتچىلەردىن تەشكىللەنگەن تەشكىلات تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ج) ئىستىخبارات سىياسىي ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك.

مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىستىخبارات جەريانى دۇرۇسلۇقتىن ئايرىلالمايدۇ. ئىستىخباراتچى سىياسەتچى ياكى قارار چىقارغۇچى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆز ۋەزىپىسىنى دۇرۇسلۇق بىلەن ئادا قىلىشى مۇمكىنقەدەر ئوبيېكتىپ بولۇش ۋە ئانالىزلارنى تار ئىدېئولوگىيە دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ قويماسلىققا باغلىقتۇر. (Betts& Mahhken, 2003: 59 - 79)

ك) ئىستىخبارات ئۆزىنى بېغىشلاشنى شەرت قىلىدۇ.

ئىستىخباراتچى ئۆزىنى بېغىشلىيالايدىغان شەخس بولۇشى كېرەك. ئىستىخباراتچى ئۆزىنى دۆلىتى، تەشكىلاتى ۋە مىللىتىنىڭ نىشانىغا بېغىشلىشى كېرەك.

ل) ئىستىخبارات ئىزچىل يېڭىلىقلىق تەلەپ قىلىدۇ.

ئىستىخباراتچى "يېڭىلىقچى" بولۇشى، ئىزچىل تۈردە تېخىمۇ ياخشى ئىستىخبارات تېخنىكىلىرىنىڭ پېشدە بولۇشى، ئۆزىنى قىلىۋاتقان ئىستىخباراتنىڭ تېمىسى توغرىسىدا يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك. ئىستىخبارات مۇكەممەللىك ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىقتۇر

م) ئىستىخبارات يەككىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى كوللېكتىپنىڭ ئىشىدۇر.

ياخشى ئىستىخبارات پەقەت بىر كوللېكتىپنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدىلا ئاندىن روياپقا چىقىدىغانلىقىنى ئەستە تۇتۇش لازىم.

ن) ئىستىخبارات بىر گورۇھنىڭ ئىشىدۇر.

ئىستىخبارات مەنبەسى، ۋەزىپە ئايرىلىشى، ئىقتىدارلىرى ئېنىق بەلگىلەنگەن خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىستىخبارات بىر دۆلەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى، مىللەتكە كېلىدىغان ھەرخىل تەھدىتنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، مىللەتنىڭ ئالدىدىكى پۇرسەتلەرنى بايقىيالىشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە مىللىي پەلسەپەگە تايىنىدۇ. ئىستىخبارات مىللىي ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن «دوست ئىستىخبارات» لاردىن ئالغان ئۇچۇرلار ھەرقانداق ۋاقىتتا مىللىي ئىستىخباراتنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ ۋە مىللەتنى مەقسەتكە يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئو) ئىستىخبارات (دۆلەت ئىستىخباراتى) مىللىي پەلسەپەگە تايانغان ئىستىخباراتتۇر.

بەزى ئوقۇم جەھەتتىكى چېگىشلىكمۇ ئىستىخباراتنىڭ توغرا چۈشىنىلىشىگە توسالغۇ بولماقتا. مەسىلەن، ئىستىخباراتنى جاسۇسلۇق، ئىشپىيونلۇققا ئوخشاش ئۇقۇملارغا ئارلاشتۇرۇپ قويۇش كۆپ كۆرۈلىدىغان خاتالىقتۇر. ئىستىخبارات مەلۇم جەريانى، ئورگانى، مەھسۇلاتنى ۋە ئۇچۇرنى جەزملەشتۇرىدۇ، جاسۇسلۇق ۋە ئىشپىيونلۇق ئاشكارا ئىستىخبارات بىلەن قولغا چۈشۈرەلمىگەن ئۇچۇرلارنى يوشۇرۇن يوللار ئارقىلىق توپلاش ۋە تېپىشتۇر. (شەكىل45) بۇ خاتالىق خەلقنىڭ، زىيالىيلارنىڭ، سىياسەتچىلەرنىڭ ئىستىخباراتقا بولغان قارىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يەكۈن

دۆلەتنىڭ ئىدارە قىلىنىشىنىڭ، ۋەقەلەرنىڭ ۋە ئۇرۇشلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى نەتىجىسىنىمۇ بەلگىلەيدىغان ئىستىخبارات پەقەت بىر ئىجتىمائىي بىلىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بىر سەنئەتتۇر. ئىستىخبارات دائىرىسى ئەڭ كەڭ بولغان ئىجتىمائىي پەندۇر. چۈنكى ئىستىخبارات تەكشۈرىۋاتقان سىستېمىنىڭ (بۇ سىستېما بىر دۆلەت بولۇشىمۇ، بىر شىركەت بولۇشىمۇ، بىر ئەلچىخانىنىڭ ئەلچىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن) قانداق ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارغا ساھىپ ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە ئۇلارنىڭ شۇ ئىمكانىيەت ۋە ئىقتىدارلىرىنى قانداق قوللىنىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلىشتۇر.

ئىستىخبارات ئۇنى بىلىش ئۈچۈن تارىخ، سىياسەت، سوتسىئولوگىيە، پەلسەپە، سەنئەت تارىخى، دىن، پسىخولوگىيە، بولۇپمۇ سىياسىي پسىخولوگىيە، ئىقتىساد، ستاتىستىكا، خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ پرىنسىپلىرىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئىستىخبارات كۆپىنچە ئۇچۇر توپلاش ۋە ئۇنى باھالاش مەقسىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئەمما ئالدىن پەرەز قىلىش ئۈچۈن بىلىمنىڭ كەمچىل بولۇشى بىلىمدە تاكامۇللىشىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا بىلىم بىلەن سەزگۈ ئىقتىدارىنىڭ بىرلىشىشى ئىستىخبارات ئانالىزى ئۈچۈن ئەڭ ئەۋزەلدۇر.

شۇبھىسىزكى، ئىستىخبارات قارار چىقىرىش ۋە سىياسەت بەلگىلەشتە كەم

بولسا بولمايدىغان ئاملدۇر. ئىستىخباراتقا تايانماي چىقىرىلغان قارار ۋە سىياسەتنىڭ توغرىلىقى پۈتۈنلەي تەلەيگە باغلىق بولىدۇ، ئەمما دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتا تەلەيگە تايىنىش ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس. ئىنسانلار ئۆز هاياتىنى تەلەيگە باغلاش ئەركىنلىكىگە ئىگە، ئەمما دۆلەتنى ئىدارە قىلغۇچىلار ئەسكىرى، تارىخى ۋە ئىجتىمائى مەسئۇلىيەت تۈپەيلى بۇنداق ئەركىنلىككە ئىگە بولمايدۇ.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار:


ئاتاي مەهمەت، ستراتېگىيىلىك خەلقئارا بىخەتەرلىك ئىستىخباراتى، ستراتېگىيە ژۇرنىلى، 2000

بارزۇن ۋە گراف، زامانىۋى تەتقىقاتچى، تۇبىتاك نەشرى، ئەنقەرە 1999.

بەتس رىچارد ك ۋە مەهكەن توماس گ، ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات هەققىدە ئومۇمى بايان، فرانك جاس، لوندون 2003.

بوزەمان ئاددا، ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، تاللانما ماقالىلار، براسسىيس 45، 1992.

ئىستىخباراتنى ئەقەللىيلەشتۈرۈش: ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر كېڭەشى تەرىپىدىن مۇستەقىللىق خىزمەتلىرى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتنىكى ئىستىخبارات دوكلاتى.

دېرىس دوگلاس خ. ۋە گۇددېن ر. توماس، ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات، نەزىرىيە ۋە قوللىنىش، ۋاشىنگتون، مۇداپىئە ئىستىخبارات ئاگېنتلىقى، 1995.

گودسون روي، ئىستىخبارات ۋە بىخەتەرلىك، ۋاشىنگتون، 1995

هېرمان مايكېل، ئىستىخباراتنىڭ ئۆرۈش ۋە تىنچلىقتىكى ئورنى ۋە دېموكراتىيە، كامبرىج، 1996

جونسون ل.ك، ئامېرىكىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ـ دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى *CIA*، نيويورك 1989

لوۋېنسال مارك م، ستراتېگىيە، مەخپىيەتلىكتىن سىياسەتكىچە، ۋاشىنگتون 2000

مكدوۋېل دون، ستراتېگىيىلىك ئىستىخبارات، كەسىپ ئەهلى، باشقۇرغۇچى ۋە خېرىدارلار ئۈچۈن قوللانما، ئاۋستراليە 1998

خەلقئارالىق ئىستىخبارات كۇرسى، ئومۇمى بايان، ئەسكىرى ئىستىخبارات تەربىيەلەش مەركىزى، 1999

پروسشىن ت.ۋ، نۆۋەتتىكى ئىستىخبارات، كانادا كۈچلىرى ئىنستىتوتى. 1998

شەنەل مۇئەززەز ۋە تۇرخان مۇئەززەز، ئىستىخبارات ۋە ئادەتتىكى بىخەتەرلىك تېمىلىرىمىز، خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى نەشرىياتى، 3 ـ نەشرى، ئەنقەرە 1997.



نەبىل ئىبن ئابدۇلمەجىد

# ئىمان بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر

تەرجىمە: نۇرىدىن ھەققۇلى

قەلبنى ئاللاھتىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش، ئۇنى ئۇلۇغلاش، تەسلىم بولۇش، تەۋەككۇل قىلىش، رىغبەتلىنىش، قورقۇش ھەمدە سېغىنىش، جەننەتنى ئارزۇلاپ دوۋزاختىن پاناھ تىلەش، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنچ بىلەن قاراش...قاتارلىق خىسلەتلەرگە تولدۇرىدىغان نەرسە، ئۇ ئىماندىن ئىبارەت.

كىشىنى ھەربىر ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئاللاھنى كۆزلەيدىغان دەرىجىگە ئېلىپ چىققۇچى نەرسىمۇ ئىماندۇر. ئىمان كىشىدە تەقۋالىق ۋە پەرھىزكارلىقنى نامايەن قىلىپ ئۇنىڭدا تەسىرچانلىق، بىراۋلارغا ياخشىلىقنى دوست تۇتۇش، سەۋرچانلىق، راستچىللىق، دۇرۇستلۇق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا، شۇنداقلا بارلىق مۇسۇلمانلارغا سەممىي بولۇش، ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق بار ئىشلاردا ئۆز ـ ئارا ياردەمدە بولۇش، ئۇرۇش ـ جېدەل ۋە تالاش ـ تارتىشلاردىن نېرى تۇرۇش، بىرلىك ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كۆيۈمچىلىكنىڭ مال ـ مۈلكنى ئاسراش، شۈبھىلىك ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ھەق ـ ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىش، مەجبۇرىيەتلەرنى جايىدا ئادا قىلىش... قاتارلىق پەزىلەتلەرنى يېتىلدۈرىدۇ.

كىشىنى ئادەملەر بېكىتكەن قائىدە ـ قانۇنلارغا مۇھتاج قىلمايدىغان، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالەتتە بولسۇن، ئاللاھنىڭ كۆزىتىشىدىن باشقا بىرەر كۈچنىڭ بېسىمىغا ئېھتىياجلىق قىلىپ قويمايدىغان نەرسىمۇ ھەم ئىماندۇر. ئىمان روھى قۇۋۋەت پەرپا قىلىش، تەبىي قوغدىنىش ئېڭىنى كۈچەيتىش، ئىچكى قوزغاتقۇچنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلەرگە جان كىرگۈزۈش جەھەتلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا تەلەپ قىلىنغان ئەمەللەرنى ئورۇنداش كىشىگە ئاسانغا توختايدۇ ھەمدە كىشىنىڭ ئۆزىنى ھەرخىل ئېگىز ـ پەسلىكلەر، ناچار تەبىئەتلەردىن ساقلىنىشىمۇ ئوڭايغا چۈشىدۇ.

مانا بۇ ئىمان نەمۇنىلىك هايات ئۈچۈن ئۈلگىلىك هەل قىلىش يولى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆرۈنەرلىكلىرى تېنىچ ۋە ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، جەمئىيەتتە ئۆز-ئارا هەمكارلىق ئورنىتىش، بىراۋنىڭ مال-مۈلكى، يۈز-ئابرويى، جېنىغا تاجاۋۇز قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇش... قاتارلىقلاردۇر. مەجبۇرىيەتلىرىمىز ئورۇندىلىپ، بارلىق هەقلىرىمىزنى پۈتتۈنلەي قانائەت ۋە ئېسەنلىك بىلەن ئۆز ئېلىكمىزدە تۇتالىساق، بۇ نەقەدەر بەختىيار، نە قەدەر ئەمىن ۋە نەقەدەر خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئايلانغۇسى، هە!

ئىنسانىيەت تارىخىدا بىلىنگەن ئەڭ ئىلغار جەمئىيەتكە - ساهابىلەر ياشىغان جەمئىيەتكە-نەزەر ئاغدۇرغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ بارلىق تەرەپتىن ئىلغار بولۇشىدىكى ئاساسى ئاملىنىڭ ئىمان ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ هەممىسى ئۇلارنىڭ قۇرئان مەدرىسىسىدە «ئىنسانىيەت مۇئەللىمى» بولغان پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئالغان يۈكسەك تەلىم-تەربىيەنىڭ نەتىجىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارنى بىر-بىرىنى سۆيۈشكە، بىر-بىرىگە پايدا يەتكۈزۈپ ۋە بىر-بىرىنىڭ ئېهتىياجىدىن چىقىپ ياشاشقا ئۈندەيتتى. ئۇ زات يۇقىرىقىلارنىڭ هەممىسىنى ئاللاهقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاهنىڭ هوزۇرىدىكى نەرسىلەرگىلا تەلپۈنۈشتەك بۈيۈك تۇتقىغا باغلىغان ئىدى. ئۇ زات مۇنداق دېگەن: «كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ هاجىتىدىن چىقسا، ئاللاه تائالا ئۇنىڭ هاجىتىدىن چىقىدۇ. كىمكى مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرىۋەتسە، ئاللاه تائالا ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن قىيامەت كۈنىنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرىۋېتىدۇ. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپسا، قىيامەت كۈنى ئاللاه تائالا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ.»[1]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يۇقىرىقىلار بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن ئىمانى مۇكەممەللىكنى ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن دوستلىشىشىنىڭ ئاساسى قىلىپ بەلگىلىگەن ئىدى. ئۇ زات بۇ هەقتە مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن هەر قانداق بىر كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن كامىل مۇسۇلمان هېسابلىنىدۇ.»[2]

بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك دىققەت تارتىدىغىنى خوشنىغا ئازار بەرگۈچىدە كامىل ئىمان بولمايدىغانلىقىنى جاكارلىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ هەقتە: «ئاللاه تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ، ئاللاه تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ، ئاللاه تائالا بىلەن قەسەمكى، كامىل مۇئمىن بولغان بولمايدۇ» ، دېگەندە، ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ! كىم كامىل مۇئمىن بولمايدۇ؟» دەپ سورىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «قوشنىلىرىغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشتىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم»، -دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.[3]

ئۇ زات يەنە ئىماننىڭ ساپلىقىنى

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇلغايدىغان نەرسىلەرنىمۇ چەكلىگەن بولۇپ، بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «دۈشمەنلەشمەڭلار، ھەسەت قىلىشماڭلار، تەتۈر قارىشىپ يۈرمەڭلار. مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشمەڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرىدىن بولۇڭلار، بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ئاداۋەت يۈزىسىدىن گەپ قىلماي ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تاشلىۋېتىشى ھالال بولمايدۇ.»[①]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە نەسھەت ئېلىپ بېرىشنى دىن قىلىپ بېكىتكەن ئىدى. ئۇ زات مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىشنى چوڭ گۇناھ قىلىپ بېكىتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا تەرغىب قىلاتتى، شاپائەتنى ئەلا بىلەتتى، ھەتتا بىراۋنىڭ ئۇلغىدىكى يۈكنى ئۆتۈشۈپ بېرىشتەك ئاددىي ياردەم بولغان تەقدىردىمۇ، ياخشى ئىش قىلىپ بىراۋنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قويۇشقا ئالدىرىغانلارنى تەقدىرلەيتتى.

ئۇ يەنە جەمئىيەتكە بۇزغۇنچىلىق سالىدىغان، ئۆز-ئارا ئاداۋەت، دەتالاشلارنى چوڭايتىپ كۆڭۈللەرنى بىئارام قىلىدىغان ھەمدە قېرىنداشلىقنىڭ ساپلىقىنى بۇلغايدىغان بارلىق ئىشلاردىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى. ھەتتا بىر قىسىم تەسىرى ناچار، خەتىرى يامان قىلمىشلاردىن قاتتىق توسۇغان بولۇپ، بۇنىڭ ئېچىدە ئامانەتكە خىيانەت قىلىش قىلمىشىنى مۇناپىقلىق جۈملىسىدىن قىلىپ بېكىتكەن ئىدى.

ئۇ يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز-ئابرۇيىغا چېقىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇراتتى، غەيۋەت-شىكايەت قىلىش، قېرىندىشىنى مەسخىرە ئوبيېكتى قىلىپ ئۇنى ئىزا-ئاھانەتكە قويۇش، يامان گۇمان قىلىش، ئەيىبىنى كولاش، ئىككى يۈزلىمچىلىك قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارنى تەنقىدلەپ توساتتى. يالغانچىلىق ۋە كاززاپلىق قىلغۇچىلارنى ئەيىبلەيتتى.

ئۇ يەنە مۇسۇلمانلارنى ھاقارەت قىلىشنى پاسىقلىق، ئۆلتۈرۈش كۇپرىلۇق،-دەپ بېكىتكەن بولۇپ، ئاددىي گەپ-سۆز ياكى بىھۇدە ھەزىل-چاقچاق بولغان تەقدىردىمۇ قېرىنداشلىقنىڭ ساپلىقىنى دۇغلاشتۇرۇپ جەمئىيەتنىڭ بىرلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئەنە شۇنداق پوزىتسىيە تۇتقان ئىدى.

ھالبۇكى بۇلارنىڭ ھەممىسىدە رول ئويناۋاتقان ئاساسى قائىدە ھەمدە بۇ قائىدىدىكى ئاساسى چىقىش نۇقتا: ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ۋە ئۇنىڭ جەننىتىنى قازىنىش... قاتارلىقلار ئىدى. شۇڭلاشقا، كىشىنىڭ بىرەرسىنى مېھمان قىلىپ كۈتۈۋېلىشتەك ئىشلاردىمۇ ئىماننى ئاساسى چىقىش نۇقتىسى قىلىشى تەلەپ قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن ئىدى: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن!»[②]

ئاللاھ تائالادىن بىزگە كامىل ئىمان، راستچىل ئېتىقاد، ھالال رىزىق ۋە مەقبۇل بولىدىغان سالىھ ئەمەل ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز! (ئامىن)[③]

① بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

③ بۇ ماقالە 3-قېتىملىق ساجىيە تەرجىمە مۇسابىقىسىدە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن.




ماقالىنىڭ ماۋزۇسى دىققەتنى چەكسە كېرەك. لېكىن تولۇق ماۋزۇ: نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلماي تۇرۇپ دۇشمەن بىلەن ھەرگىز جىھاد قىلالمايمىز، دېگەندىن ئىبارەتتۇر. دېمەك، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش دۇشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتىن مۇقەددەمدۇر.

نەپسى ئىنسان ئىگە بولغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئەھمىيەتلىكى ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە نەپسى ياخشى بولۇپ، ئىگىسىنى ياخشى ئىشلارغا ئۈندەپ، ئۇنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزسا، بەزىدە يامان بولۇپ، ئىگىسىنى يامان ئىشلارغا قۇترۇتۇپ، ئۇنى ھالاكەتكە يۈزلەندۈرىدۇ. ئەقىللىق كىشى نەپسىنىڭ دۇشمەن بىلەن جىھاد قىلالىغۇدەك كۈچىيىشى ئۈچۈن داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن ھارماي جىھاد قىلىدۇ.

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ھەققىدىكى سۆزىمىزنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى نەپسىگە بولغان ئەھمىيەتلەر، نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش كۆرۈنۈشلىرى، نەپسىمىز بىلەن قانداق جىھاد قىلىمىز؟ قاتارلىق مۇھىم ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

## بىرىنچى، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى نەپسكە بولغان ئەھمىيەتلەر

«قۇرئان كەرىم»دە نەپسى دېگەن سۆزلۈك بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرى بولۇپ، جەمئىي 295 قېتىم كەلگەن.

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە بىر ئورۇندا نەپسى ھەققىدە مۇنداق كەلگەن: «نەپسى بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى، نەپسىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى ـ فۇجۇر بىلەن)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ».①

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە نەپسلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم ئۆزگەرتىش قانۇنىيەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆز نەپسىنى (يەنى ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى) ئۆزگەرتمىگۈچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ».②

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەرگە مۆئمىننىڭ كىملىكىدىن خەۋەر بېرەيمۇ؟ مۆئمىن دېگەن خەلق ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ ماللىرى ۋە جانلىرى ھەققىدە خاتىرجەم بولالىغان كىشىدۇر. مۇسۇلمان دېگەن خەلق ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر. مۇجاھىد دېگەن ئاللاھقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىشتا نەپسى بىلەن جىھاد قىلغان كىشىدۇر. مۇھاجىر دېگەن خاتالىق ۋە گۇناھ ئىشلارنى تەرك ئەتكەن كىشىدۇر».③

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشنى جىھاد تۈرلىرىنىڭ ئەۋزىلى قاتارىدىن ساناپ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «كىشىنىڭ ئۆز نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى جىھادنىڭ ئەۋزىلىدۇر».④

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ «ئى ئاللاھ، نەپسىمگە تەقۋالىق بەرگىن، ئۇنى پاك قىلغىن، سەن ئۇنى پاكلىغۇچىلارنىڭ ياخشىسىسەن، سەن ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە خوجايىنىسەن».⑤

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھەر كۈنى نەپسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەپ تۇرۇش ھەققىدە مۇنداق تەۋسىيە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەن ئەتىگەن ـ ئاخشامدا ئوقۇيدىغان زىكىرلەرنى ئۆگىتىپ بەرگەن بولسىلا دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى، غەيب ۋە ھازىرنى بىلگۈچى، بارلىق شەيئىلەرنىڭ رەببى ۋە ئىگىسى ئاللاھ، سەندىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، نەپسىمنىڭ شەررىدىن، شەيتاننىڭ شەررىدىن ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىمغا شېرىك بولۇۋېلىشىدىن ساڭا سېغىنىمەن دېگىن، بۇنى ئەتىگەندە، كەچتە ۋە ياتىدىغان ۋاقتىڭدا ئوقۇغىن» دېدى.⑥

### ئىككىنچى، نەپسى بىلەن جىھاد

① سۈرە شەمس 7 ـ 10 ئايەتلەر.
② سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت.
③ ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى. ھەدىس نومۇرى: 23958.
④ سەھىھۇلجامىدا ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان، ھەدىس نومۇرى: 1099.
⑤ مۇسلىم رىۋايىتى، ھەدىس نومۇرى: 2722.
⑥ ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى رىۋايىتى. بۇ ھەدىسكە تىرمىزى ھەسەن ۋە سەھىھ دەپ باھا بەرگەن.

## قىلىش كۆرۈنۈشلىرى

نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش نەپسىنى كونترول قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

نەپسنى ئىسلاھ قىلىمەن دېگەن كىشى چوقۇم ئۇنى كونترول قىلىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىھاد قىلىپ تۇرىشى لازىم. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «چېلىشتا يىقىتقان باتۇر ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە نەپسىنى باشقۇرالىغان كىشى (ھەقىقى باتۇردۇر».[①]

### نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش جەننەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشقا سەۋەبتۇر

رەبىئە ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مەن بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا قونۇپ قالغاندىم، مەن ئۇنىڭ تاھارەت ئالىدىغان سۈيىنى ئەكىلىپ بەرسەم ئۇ ماڭا: (قانداق تىلىگىڭ بولسا) سورىغىن، دېدى. مەن: جەننەتتە سىزگە ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىساڭ بولاتتى، دېدى. مەن: پەقەت شۇ تىلىگىم بار، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنداق بولسا كۆپ سەجدە قىلىپ نەپسىڭگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن، دېدى».[②]

ئەبۇ مۇسلىم خولانىي ناماز ئوقۇيدىغان ئۆيىگە بىر قامچىنى ئېسىپ قويۇپ، بۇ قامچا بىلەن داۋاملىق نەپسىنى قورقۇتۇپ تۇراتتى ۋە نەپسىگە: ئورنۇڭدىن تۇر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئەمەس بەلكى سەن ھارغۇچە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمەن، دەيتتى. سەل سۇسلىشىپ قالسا، قامچىنى ئېلىپ: قامچا ئۇرۇشقا ئۇلىغمىدىن سەن ھەقلىقسەن، دەپ ئۆزىنىڭ پاچىقىغا ئۇراتتى. ئۇ مۇنداق دەيتتى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى بىزگە بەرمەي ئىگىلىۋالىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئەلۋەتتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بەسلىشىمىز، ئۇلار ئارقىسىدا نۇرغۇن ئەركەكلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالسۇن».[③]

### نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش ساھابىلارنىڭ تەۋسىيىسىدۇر

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىككە سايلانغاندا ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق تەۋسىيە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ: سىنى مەن ئاگاھلاندۇرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەۋۋىلى سىنىڭ نەپسىڭدۇر.

ئۇلار تەۋسىيە ۋە نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلغاندەك، بىزمۇ قوبۇل قىلالايمىزمۇ؟ ئىمام غەزالىنىڭ بۇ سۆزىگە قۇلاق

---

[①] سەھىھلىكىدە بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس.

[②] ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

[③] ئەھيا ئۇلۇمىددىن.

www.uyghurkitap.com

سالايلى: «بىزگە نەسىھەت قىلغان ۋە ئەيىبلىرىمىزنى كۆرسىتىپ قويغان كىشىنىڭ بىزگە خەلق ئىچىدە ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان كىشى بولۇپ قېلىشى ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ». ①

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى بىر تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى، مەن تامنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ ئۆز نەپسىگە خىتاب: «ئى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ، ئىسىت سېنىڭ ھالىڭغا، سەن ئاللاھقا تەقۋالىق قىلغىن ياكى بولمىسا ئۇ سېنى چوقۇم ئازابلايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

## ئىككى جىھاد ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت

نەپسىگە قارشى جىھاد قىلىش بىلەن دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش بار؟ نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش بولسا، دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشنىڭ شەرتىدۇر. نەپسىمىز بىلەن جىھاد قىلىشقا قادىر بولالمىساق، دۈشمىنىمىز بىلەن جىھاد قىلىشقا قانداق قادىر بولالايمىز؟

ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نەپسى بىلەن جىھاد قىلىش دۈشمەن بىلەن جىھاد قىلىشتىن مۇقەددەمدۇر. ئاللاھنىڭ ئەمرى- پەرمانلىرىنى ئادا قىلىش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئۈچۈن نەپسى بىلەن جىھاد قىلالمىغان كىشىنىڭ دۈشمىنى بىلەن جىھاد قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىنىڭ نەپسى دۈشمىنى بىلەن ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلالمىغان كىشىنىڭ ئۆز دۈشمىنى بىلەن جىھاد قىلالىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟! ئىنسان ئاللاھ يولىدا نەپسى بىلەن جىھاد قىلمىغۇچە دۈشمىنى بىلەن جىھاد قىلىشقا ئاتلىنالىشى مۇمكىن بولمايدۇ». ②

بامدات نامىزى ئۈچۈن يېپىنچىسىنى تاشلاپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە قادىر بولالمىغان يىگىت دۈشمىنى بىلەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈشكە قادىر بولالامدۇ؟

نەپسى ئالدىدا ئاجىز كېلىپ، تاماكا چېكىشنى تاشلىيالمىغان كىشىدىن باشقا مەيدانلاردا غەلىبە قىلىشنى كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟

ئىسلامغا ئۇيغۇن كىيىنىشكە قادىر بولالمىغان قىزدىن ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشنى كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟

ئەدەبىياتشۇناس مۇستافا سادىق رافىئىنىڭ بۇ سۆزى ماڭا بەكمۇ ياقىدۇ: «ئەگەر مەن قازى بولۇپ، بىر يىگىتنىڭ بىر ئايالغا ئەدەبسىزلىك قىلغان قىلغانلىقى ماڭا دەۋا قىلىنسا، ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ يۈزى ئۈچۈق، يېرىم يالىڭاچ يۈرگەنلىكى، ئەتىر ئىشلەتكەنلىكى، گىرىم قىلغانلىقى ئېنىقلانسا، مەن بۇنداق ئايالغا ئىككى

① ئىھيا ئۇلۇمىددىن.

② ئىبنى قەييىمنىڭ «زادۇلمۇئاد» دېگەن كىتابى.

جازا بەرگەن بولاتتىم. بىرى ئۇ ئايالنىڭ يىگىتنىڭ ئىپپىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقىنىڭ جازاسى، يەنە بىرى مۇشۇككە گۆشنى ئېچىپ بەرگەن دۆتلۈكىنىڭ ۋە پەرۋاسىزلىقىنىڭ جازاسى».[1]

جىھات مېلىمىزنىڭ بېشى، كۈچ - قۇۋۋىتىمىزنىڭ سىرى ۋە غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر. ئۇنىڭسىز ھالىمىز مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىھاد توغرۇلۇق سوراپ كەلگەن كىشىگە مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «جىھاتنى ئاۋۋال نەپسىڭدىن باشلاپ، ئۇنى يېڭگىن».

## ئۈچىنچى، نەپسىمىز بىلەن قانداق جىھاد قىلىمىز؟

1 - ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈش. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: بىر كۈنى مەن: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئەلۋەتتە سىلە ماڭا نەپسىمدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىدىن سۆيۈملۈك، دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئى ئۆمەر، نەپسىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ھەتتا مەن ساڭا نەپسىڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولىشىم كېرەك، دېدى. ئاندىن مەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلە ھازىر ماڭا نەپسىمدىنمۇ سۆيۈملۈك، دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەمدى بولدى،

[1] رافىئىنىڭ «كەلىمە ۋە كۇلەيمە» دېگەن كىتابى.

يا ئۆمەر، دېدى».[2]

2 - ئاللاھنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلىشتىن قورقۇش. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ».[3]

3 - ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى داۋالاش. ئاللاھ تائالا بەندىسىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆز نەپسىنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق كىشىگە ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرى مەخپىي قالمايدۇ، ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى تونۇغان كىشى ئەيىبلىرىنى تۈزەلەيدۇ. بەزىلەر دوستىنىڭ كۆزىدىكى چاپاقنى كۆرىدۇ لېكىن ئۆزىنىڭ كۆزىدىكى ئەخلەتنى كۆرمەيدۇ».[4]

4 - ھەقىقەت ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئىرادىلىك بولۇش. ئىبراھىم تەيمىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نەپسىمنى جەننەتتە دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم، جەننەتنىڭ مېۋىلىرىدىن يەيمەن، سۇلىرىدىن ئىچىمەن، قىزلىرى بىلەن ئوينايمەن. ئاندىن نەپسىمنى دوزاختا دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم، دوزاخنىڭ ئاچچىق يېمەكلىكلىرىدىن يەيمەن، سېسىق يىرىڭلاردىن ئىچىمەن، كىشەن -

[2] ئىمام بۇخارى رىۋايىتى، ھەدىس نومۇرى: 6632.

[3] سۈرە نازىئات 40 - ، 41 - ئايەتلەر.

[4] ئىھيا ئۇلۇمىددىن.

زەنجىرلىردە باغلىنىمەن. ئاندىن نەپسىمگە: ئى نەپسىم، ئەمدى نېمە ئىزدەيسەن؟ دېدىم. نەپسىم: دۇنياغا قايتۇرۇلىشنى ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىشنى ئىزدەيمەن، دېدى. مەن نەپسىمگە: ئۇنداقتا سەن ھازىر ئارزۇ ـ ئارمانلىرىڭ ئىچىدىسەن، ياخشى ئىشلارنى قىلىۋالغىن، دېدىم»

سۇفيان سەۋرىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مەن نەپسىمدىنمۇ كۈچلۈك نەرسە بىلەن كۈرەش قىلىپ باقمىدىم، مەن سەل بوش تۇرسام، نەپسىم مېنى يېڭىۋېلىشقا ئورۇنىدۇ»

ئۇممەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى نەپسى بىلەن جىھاد قىلىشى، نەپسى خاھىشىنى يېڭىشى، شەھۋەتلىرى بىلەن كۈرەش قىلىپ، ھېسسىياتلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى لازىم. مانا بۇ دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ يولىدۇر. «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يوللىرىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر». [1] [2]

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت.

[2] مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى شەيخ ئەھمەد ئىبنى ئالۋان يەمەننىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن، تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچىلىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ماقالە ۋە كىتابلارنى يازغان. ئۇ يېزىقچىلىق ۋە دەۋەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولۇپ، ھىجرىيە 665 ـ يىلى رەجەپ ئېيىدا يەمەندە ۋاپات بولغان. يەمەن تارىخچىلىرى ئۇنىڭ نەسەبىنىڭ ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تۇتىشىدىغانلىقىنى تەكىتلىمەكتە.

## «ئايالنىڭ ئىسمى يوق»، ئۇنداقتا قەدىر - قىممىتىچۇ؟

زامانىۋىيلىق ئايالنى ئۆيدىن چىقىرىپ، ئۆيىنى چېقىۋەتتى. ئايالنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆيىنى «بۇ سېنىڭ تۈرمەڭ» دەپ تونۇشتۇردى. بۇ شەيتانى تەۋسىيەگە ئالدانغان مەدەنىي ئاياللار ئۆينى تەرك ئەتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ ئاياللارغا ئۆينىڭ ئورنىدا تونۇشتۇرغان نەرسە نېمە ئىدى؟ كوچا - كويلار، تاللا بازارلىرى، كۆڭۈل ئېچىش ماكانلىرى، زاۋۇت، ئورگان، دۇككان، ئىشخانا، ئاممىۋى تەشكىلات... قاتارلىقلار ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆينىڭ ئورنىنى ئالالمىدى. ئايال ئۆيگە دۈشمەن، تالاغا ئاشىنا قىلىندى.

ئەپسۇس، تالا ئۇنى قوغدىيالمىدى. ئەلۋەتتە قوغدىيالمايتتى. تالاغا چاقىرغانلار ئۇنى ھىمايىسىز، قوغدىغۇچىسىز قالسۇن دەپ چاقىرغانىدى. ئۇنى تالاغا چاقىرغانلار، ئۇنى «تاۋار»غا ئايلاندۇرۇشقا ئىنتىلىدىغانلار ئىدى.

ئايال ئۇلار ئۈچۈن ياساندى، بويىاندى، ئۇيىا - ئەخلىكلىك بولدى. ئۇلار ئۈچۈن يولىنى، ۋاقتىنى، ھاياتىنى خەجلىدى. ئۆيدىن چىقىرىپ سىرتتا مېيتۇن قىلغان، تالانىڭ «تاۋارى»غا ئايلاندۇرغان ھەر ئايالنى، ئۇلار لوق ۋە كۆنۈك خېرىدار سۈپىتىدە دائىم ئالقىشلىدى. دېمىسىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. ئايال ئېرىشىش ئۈچۈن خەجلەيتتى، خەجلەش ئۈچۈن پۇل تاپاتتى.

نەتىجىدە ئايال ئالدى بىلەن ئانا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە ياتلاشقانىدى. تالاغا بېقىنغان ھاياتنىڭ ئالدىراشچىلىقىنى ھېچقانداق بىر ئايال ئانىلىق سۈپىتى بىلەن بىرگە ئېلىپ ماڭالمايتتى. ئۇ نازىنىن يەلكىسى بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. چىقىپ تاشلىغان ئۆينىڭ ئورنىغا دەڭگىنى دەسسەتتى. «چېقىۋەتتى» دېگەن ۋاقتىمدا، ئەلۋەتتە، تۆت تامنى نەزەردە تۇتمىدىم. بۇ بىر ئوخشىتىش ئىدى. خۇددى ئايالنىڭ ئاياللىق رولىنى يوقىتىشتۇرگەندەك، ئۆينىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رولىنى يوقىتىشتۇردى.

- داۋامى بار...

(ئەزھەرىيلەر مۇنبىرىدىن ئېلىندى)




ۋەتىنىمىزنىڭ مىڭ يىللىق ئىسلام تارىخىدا تۇنجى قېتىم مەسجىدتە قۇرئان كەرىمنى تولۇق تەپسىر قىلغان كىشى مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ يېگانە ئەسىرى «دىۋانى لۇغاتىت تۈرك» كىتابىنى تەرجىمە قىلىشقا خوتەندىن مەخسۇس تەكلىپ قىلىنغان، ۋەتەندىكى خېلى-خېلى ئۆلىمالار ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەردە مۇراجىئەت قىلىنىدىغان كىشىمۇ مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئىدى.

ئاتاقلىق دىنى ئالىم، مەشھۇر جامائەت ئەربابى مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم تەخمىنەن 1932-يىللىرى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان ھالالباغ كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. مەرھۇم ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن، قەشقەرگە كېلىپ (باشلانغۇچ ساۋادىنى خوتەندە چىقارغاندىن كېيىن) قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسە قاتارلىق داڭلىق مەدرىسلەردە ئەمىن مەۋلىۋى داموللام، سۇلايمان ئاخۇن داموللام، سالىھ داموللام قاتارلىق كاتتا ئۆلىمالار قولىدا ئۇزۇن مۇددەت ئوقۇپ، ئىسلام دىنى ئىلىملىرىنىڭ ھەرقايسى ساھەسى، جۈملىدىن كلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتى بويىچە يۈكسەك دەرىجىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان. 50-يىللىرى خوتەندىن قەشقەرگە ئوقۇشقا بارغان تالىبۇل ئىلىملەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇش قارار قىلىنغان دەرسلىكلەرنىڭ ھەممىنى دېگۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگىتىپ «داموللا» «خەلپىتىم» دېگەندەك ئۇنۋانلارغا ئېرىشىپ كەلگەن بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەشقەردىكى داڭلىق مۇدەررىس ئەمىن مەۋلىۋى داموللام: «خوتەندىن كەلگەن تالىپ كۆپ، ئەمما بۇلاردىن موللا بولغىنى ئۈچ»، دەپ ماختىغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرى مۇھەممەد قۇربان داموللام ئىدى. ئەمىن مەۋلىۋى داموللام كۆزدە تۇتقان ئۈچ تالىپنىڭ يەنە بىرى خوتەن كېرىيەلىك مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن ئاخۇن خەلپىتىم(بۇران)، ئىككىنچىسى، قارى قۇرئان، دىنى ئالىم ئابدۇللاھ روزى داموللام ئىدى.

مەرھۇم ئەنە شۇنداق يۈكسەك ئىلىم-ئىقتىدار بىلەن 1959-يىللىرى خوتەنگە قايتىپ كەلگەن. 1959-يىلى قەشقەردىكى پۈتۈن مەدرىسلەرمۇ تاقالغان.

مەرھۇم قەشقەردىكى ئىلىم تەھسىلىنى تۈگىتىپ خوتەنگە قايتقان يىللار پۈتۈن ۋەتىنىمىزنى قارا بۇران قاپلىغان يىللار ئىدى. مۇھەممەد قۇربان داموللام خوتەنگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەندىكى سان-ساناقسىز دىنىي ئۆلىمالار، زىيالىيلار قاتاردا ئۆزىنى زىنداندا كۆردى. شۇ ۋاقىتتا زىندانغا تاشلانغان خوتەننىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئۇيغۇر تىبابەت ئالىمى، مەرھۇمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللام، ھۇشۇر نىياز مۇپتى ئاخۇنۇم (1959-يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1963-يىلى تۈرمىدىن ئۆلۈكىنى بەرگەن)، ئابدۇلئەزىز قاراجىم (15يىلدىن ئارتۇق تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن 1979-يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇۋەلى ھاجىم (15يىلدىن ئارتۇق كېرىيە تۈرمىدە «ئۆزگىرىپ» كەلگەندىن كېيىن 1981-يىلى ۋاپات بولغان)، ئابدۇللاھ قارىم (15يىللىق زىندان ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە چىققان ۋە 1984-يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئابدۇغەنى ھاجىم (1976-يىللىرى يەركەن پەيلودا ۋاپات بولغان)، ئابدۇ نەبى قاراجىم 1963-يىلى تۈرمىدىن ئۆلۈكىنى بەرگەن)، غىياسىدىن قاراجىم (1969-يىللىرى كېرىيە تۈرمىدە ۋاپات بولغان)....، ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدىن مەرھۇم جاپپار ئەمەت قاتارلىق ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنى، زىيالىيلىرىمىزنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەپ ئۆتىمىز.

مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم 1965-ياكى 1966-يىلى ئىنسان چىدىغۇسىز ئاچلىق ۋە ئېغىر ئەمگەكتە ئۆتكەن 5 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتكە چىقىدۇ. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، رەھمەتلىك دادام مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىك شەرىپىگە ئۆيىگە يۇرت كاتتىلىرى، ئۆلىمالارنى مېھمانغا چاقىرىپ زىياپەت بەرگەن.[1]

---

[1] شۇ كۈنى ماڭا ئاتاپ باققان بىر ئاق پاقلاننى سويۇپ مېھمان قىلغاندا مەن قانچە كۈن يىغلىغان.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم تۇرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن تۇرمىدە ئۆگەنگەن بىناكارلىق تېخنىكىسى كېرەككە كېلىپ، خوتەن قۇرۇلۇش ئەترىتىدە تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر باش تېخنىك بولۇپ ئىشلەپ ئالەمدىن ئۆتكەن.

مەرھۇمنىڭ ھاياتى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئەنە شۇنداق قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ئىشلەش بىلەن ئۆتكەن. چۈنكى ئۇ يىللاردا تالىپ ئوقۇتۇش، دەرس سۆزلەش ۋە ۋەز ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

1979 ـ يىللىرىغا كەلگەندە ۋەزىيەتنىڭ ئازراق ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، داموللا ھاجىم جامائەتتىن ئىئانە توپلاپ ئۆز ئۆيىنىڭ يېنىغا كىچىك بىر مەجىت سالدۇرغان. بۇ مەسجىد نۇرلۇق مەسجىد دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ مەسجىد كېيىن مەسجىدلىك ۋەزىپىسىدىن باشقا دىنىي مائارىپ مەركىزىگە ئايلىنىپ مەدرىسىلىك رولىنى ئۆتىگەن.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم ئەنە شۇ مەسجىدتە 1979 ـ ۋە 80 ـ يىللىرى ھەر كۈنى سەھەردە بامدات نامىزىدىن كېيىن، قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلىپ ئۆتكەن. مەرھۇمنىڭ تەپسىردەرسىگە كەلگەن جامائەت مەسجىدكە پاتماي قالغان. چۈنكى، دىيارىمىزدا ئۇنىڭدىن بۇرۇن مەسجىدلەردە ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا باشقا كىتابلاردىن ۋەز ئېيتىش ئىشى كەڭ ئومۇملاشقان بولسىمۇ، قۇرئان كەرىمنى مەسجىدتە ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا تەپسىر قىلىش ئىشى ئانچە ئومۇملاشمىغان ئىدى.

داموللا ھاجىم بىر بۆلۈك نەتىجىسىز موللىلارنىڭ ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراماي، كۈندۈزى قۇرۇلۇش ئەترىتىدە تېخنىكلىق قىلىپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدىغان.

80 ـ يىللاردىن كېيىن، داموللا ھاجىم ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا ئۆز مەسجىدىدە نۇرغۇنلىغان تالىپلارغا دەرس بېرىشكە باشلايدۇ، تالىپلارنىڭ سانى كۈنسېرى ئېشىپ بارىدۇ.

شۇ كۈنلەردە (80 ـ يىللىرى) ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانى لۇغاتىتتۈرك» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ يېڭى ئىش باشلىغاندا خوتەندىن مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنى مەخسۇس تەكلىپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كېلىپ، 5 ـ 6 ئاي مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىش ئىشىغا قاتناشتۇرىدۇ. مەرھۇم «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تەرجىمە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى ئاتاقلىق تىلشۇناس ئالىملاردىن ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان

www.uyghurkitap.com

ئوسمانوۋ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس قاتارلىق ئۇيغۇر ئالىم-زىيالىيلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلغان.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم مىسىر جەددىدزىملىق ھەرىكىتىنىڭ پىشۋالىرىدىن مىسىر مۇپتىسى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھ ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى سەلەپى ھەرىكىتىنىڭ يول باشچىلىرىدىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھابنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە قىلىپ داموللاھاجىمدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. تالىپلىرىغا ئۆتكەن دەرسلىرىدە ۋەتىنىمىزدە ئەسىرلەردىن بىرى مەدرىسىلەردە ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن كلاسسىك ئىسلام ئەسەرلىرىنى ئوقۇتقانىنىڭ سىرتىدا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇل ۋەھھاپ، مۇھەممەد ئابدۇھ، رەشىد رىزا قاتارلىق ئالىملارنىڭ كىتابلىرىنى تونجى بولۇپ، دەرس قىلىپ ئوقۇتۇشنى يولغا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن دىيارىدا بىر قىسىم قارا كۆچلەرنىڭ دىننىي ئىختىلاپ پەيدا قىلىشىغا قىسمەن سەۋەب بولغان بولسىمۇ، بىر بۆلۈك ئىلغار ياش ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

داموللا ھاجىم تالىپلارغا دەرس ئۆتكەنىنىڭ سىرتىدا 80-يىللاردىلا ئۆز مەسجىدىنىڭ خاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن پايدىلىنىپ، جۇمە خۇتبىسىنى ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى يولغا قويىدۇ. بۇمۇ ۋەتەندە جۇمە خۇتبىلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشىنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن داموللا ھاجىمنىڭ ۋەز-خۇتبىلىرىنى ئاڭلىغىلى خوتەننىڭ يىراق-يېقىن يېزىلىرىدىن ھەتتاكى قاراقاش، لوپ ناھىيىلىرىدىن كەلگەن جامائەت مەسجىدكە سىغماي، يوللار توسۇلۇپ قالاتتى. داموللا ھاجىمنىڭ ئەينى زاماندا سۆزلىگەن ۋەز-خۇتبىلىرىنىڭ ئۈن ئالغۇ لىنتىلىرى بۈگۈنگە قەدەر خەلق ئىچىدە قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.

مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم 1983-يىلى قەشقەر-پاكىستان، خۇنجىراپ يولى ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە كېلىدۇ. مەرھۇمنىڭ ھەج سەپىرىدە رەھمەتلىك دادام ۋە مەن سەپەرداش بولغان ئىدۇق. مەرھۇم پاكىستاندا ھەجگە ساقلاپ تۇرغان كۈنلەردە ۋەتەندىن كەلگەن ھاجىلارغا ھەج قائىدىسى ۋە ھەج ئەھكاملىرى ھەققىدە ھەر كۈنى ۋەز سۆزلەپ بېرەتتى. 83-يىلقى ھەج پائالىيىتى ئاخىرلىشىپ مەرھۇم قايتىپ كەتكەنگە قەدەر بىز بىللە بولغان.

داموللا ھاجىم ھەج ئىبادىتىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بولغان مىنادا تۇرۇش جەريانىدا ۋەتەندىن كەلگەن ئۇيغۇر ھاجىلارغا ۋەز سۆزلەيدۇ. بۇ ۋەزنى پۈتۈن ئۇيغۇر ھاجىلار ئاڭلىغانىنىڭ سىرتىدا سەئۇدى ئەرەبىستاندا مۇھاجىر بولۇپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ۋە سەئۇدى

ئەرەبىستاندا ئوقۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ئالىي بىلىم دەرگاھلىرىدا ئۇزۇن مۇددەت مۇدەررىس بولغان خوتەن ئۇجاتلىق ئۇستاز مۇھەممەد قاسىم دامولللام ئاتلاپ، مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىغا ھەيران قالىدۇ. ھەج ئىبادىتىنى تۈگىتىپ مەككىدە تۇرغان كۈنلەردە مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىمنى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مۇھاجىر ئۆلىمالار ئۆي-ئۆيلەرگە مېھمانغا چاقىرىپ، ئاجايىپ ھۆرمەت كۆرسەتكەن.

داموللا ھاجىم 83-يىلى ھەج ئىبادىتىنى تاماملاپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، نۇرغۇنلىغان يېڭى-يېڭى كىتابلارنى ئېلىپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، يەنە تالىپلارغا دەرس ئۆگىتىش، مەسجىددە ۋەز ئېيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

مەرھۇم بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا ئالىي ئىمارەتلەردە ئولتۇرۇپ، يۇقىرى مائاش ئېلىپ، يېڭى-يېڭى ماشىنىلارنى ھەيدەپ، گالىستۇك تاقاپ، مەغرۇر يۈرۈيدىغان دوكتور، پروفېسسورلارنىڭ ئەكسىچە، ئاددى كىيىنىپ، ۋېلسىپىت مىنىپ، بىناكارلىق شىركىتىدىن ئالغان مائاشىغا قانائەت قىلىپ، تالىپلاردىنمۇ بىر تىيىن ھەق ئالماي، ھەركۈنى نەچچە سائەتلەپ دەرس ئۆتەتتى.

دىيارىمىزدا ئۆتكەن پۈتۈن ئۆلىمالارغا نېسىپ بولمىغاندەك داموللا ھاجىمغىمۇ بىرەر كىتاب يېزىپ قالدۇرۇش نېسىپ بولمىسىمۇ مىڭلىغان جامائەتكە ئاللاھنىڭ دىنىي يەتكۈزۈش،نۇرغۇن تالىپلارنى يېتىشتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار خىزمەتنى قىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالغان.

داموللا ھاجىم ئاز ۋە ساز گەپ قىلىدىغان تەمكىن كىشى بولۇپ، ئىنتايىن پەرھىزكار، تەقۋادار كىشى ئىدى. قولىدىن كىتاب چۈشمەيدىغان كىتاب مەستانىسى بولۇپ، پەقەت ھەدىس، تەپسىر كىتابلىرىنىلا ئەمەس، ھەتتاكى كىلاسسىك ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئائىت كىتابلارنىمۇ تاھارەتسىز تۇتمايتتى.

مەرھۇمنىڭ دەرس ئۆگىتىش، ۋەز ئېيتىش خىزمىتى تاكى 90-يىللارغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. 90-يىللاردا دىيارىمىزدا يۈزبەرگەن بىر قاتار سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، مەرھۇم سىياسىي تەقىبكە ئۇچرايدۇ، تالىپلار تارقىتىلىدۇ. مەسجىدتە ۋەز سۆزلەش ئىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. شۇ يىللاردا مەرھۇمنىڭ سالامەتلىكىمۇ تازا ياخشى بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يەنە بىناكارلىق شىركىتىدىكى خىزمىتىنى ۋە ئەتىگەن-ئاخشامدا كىتاب مۇتالىئە قىلىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدۇ.

مەرھۇم 1994-يىلى ئايالى بىلەن يەنە ھەجگە كېلىدۇ ۋە ئالدىراش قايتىدۇ. سالامەتلىكى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىدۇ. ئاخىرى 1995-يىلى 12-ئايدا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

داۋالىنىشقا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچى 2 ـ دوختۇر خانىدا بالنىستتا ياتىدۇ.

1995 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ بۇ دۇنيادىكى ھاياتى ئاخىرلىشىپ، پانى دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىدۇ.

مەرھۇمنىڭ جەسىتى خوتەنگە يۆتكەپ كېلىنىدۇ، مەرھۇمنىڭ ۋاپات خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، خوتەن خەلقى قاتتىق قايغۇغا چۆمىدۇ، مەرھۇمنىڭ مۇخلىسلىرى جەسىتىنى ئېلىپ كەلگەن ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېرىيەگە قەدەر ئېقىپ بارىدۇ. مەرھۇمنىڭ نامىزى ئوقۇلغان كۈنى ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى سەپەرگە ئۇزىتىش ئۈچۈن يىراق ـ يېقىن يېزىلاردىن ۋە باشقا ناھىيىلەردىن كەلگەن جامائەت بىلەن خوتەن شەھىرىنىڭ رەستىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدۇ.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا خوتەن خەلقى قانداق ھۆرمەت قىلغان بولسا، ۋاپاتىغىمۇ شۇنداق ھۆرمەت كۆرسىتىشكەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ جىنازىسى خەلقنىڭ كۆز يېشى ۋە نالە ـ پەريادى بىلەن قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېلىنىپ، ئەڭ يېقىن دوست ۋە مۇخلىسلىرىدىن ئاتاقلىق تىبابەت ۋە دىيانەت ئالىمى ئابدۇلھەمىد يۈسۈپ داموللام ۋە قارى قۇرئان مەرھۇم ئۇستازىم شەمسىددىن قارىھاجىم ۋە قابىل قارىھاجىملارنىڭ يېنىغا تەۋرىزىم قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ.

مەرھۇمنى ھۆرمەت ۋە سېغىنىش ئىچىدە ياد ئېتىمىز، ئاللاھتىن رەھمەت ۋە مەغفىرەت تىلەيمىز. ئامىن!

مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلاپ مەلۇم بىر مۇخلىسى دەپنە مۇراسىمى جەريانىدا قەبرىستانلىقتا يىغلىغان مىڭلارچە جامائەت ئالدىدا تۆۋەندىكى مەرسىيەنى ئوقۇغان:

**(1)**

تىترىدى سانسىز يۈرەك، قىلغاچ سەپەر ئۇستازىمىز،

ئاز كېلۇر ئۇستاز دېسەك، بەلكى ئادالەت قازىمىز.

تۆكتى ياش مىليونچە كۆز، پاتتى ۋەتەن ئەل قايغۇغا،

ياڭرىدى سەھرا ـ شەھەر، ھەر ئۆيدە ماتەم نالىمىز.

تەرتۆكۈپ ياغقاچقا ئۇ دىللارغا تەۋھىد شامىنى،

بىرقەدەر يول تاپتى ئەل، ئۆستى يەنە ئوبرازىمىز.

مېھرىبان كەمتەر ئىدى، شۇنچە پەزىلەت ئۈستىگە،
شول سەۋەبتىن بار ئىدى ھەردەم ئىشەنچ نازىمىز.
ئىجتىھات بىلەن داۋام قىلسا كىتابتىن مەۋئىزە،
بوپ قالاتتى سۆزلىرى ئىش ئۆلچىمى ئەندازىمىز.
نەدە بولساق ئولتۇرار دىل جانىمىزنىڭ تۆرىدە،
تونۇلۇپ كەتتى ئۆيى ھەقنى كېڭەيتىش بازىمىز.
ھەيۋىتى يۈكسەك ئىدى، چانمايتتى ھەركىم ئالدىدا،
بىلسە كىم بىزلەر ئۈچۈن بوپ كەلدى ئىلمى غازىمىز.
ياشىدى ھەق دىن ئۈچۈن، بولدى ھەقىقەت ئۈلگىسى،
ئەھلى تەۋھىد چوڭ ـ كىچىك مەڭگۈ ئۇنىڭدىن رازىمىز.

**(2)**

ئانا يۇرت ئايرىلىپ قالدى پىداكار ئوغلى قۇربانىدىن،
دىيانەت ھەمدە ئەخلاقنىڭ ھۇلنى پۇختا قۇرغانىدىن.
ۋاپاتى ئەلگە ئىنتايىن ئېلىپ كەلدى پەرىشانلىق،
مۇسىبەت ھەسرىتى ياغراپ خوتەندىن، ئاقسۇ، تۇرپاندىن.
پۈتۈن ئەل قايغۇغا چۈمدۈق، خۇسۇسەن ئەھلى تەۋھىدلەر،
تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قالغاچ، ئۇلۇغۋار تاجى ئۇنۋاندىن.
مۇسۇلمان ئەھلىگە قىزغىن بولاتتى كۆرسە ھەر يەردە،
توساتتى قايغۇرۇپ ئەلنى ھەمىشە كۈيرى تۇغياندىن.
مۇھەببەت ـ نەپرىتى روشەن ئىدى ھەرساھە خىزمەتتە،
كېسەلگە چارە كۆرگەندە تۆۋەن تۇرمايتتى لوقماندىن.
جاھالەت ئىلكىدە ئىگراپ يىتىشقان خەلقى ئالەمگە،
ئوزۇقنى قاندۇرۇپ بەردى ھەدىسدىن، ھۆكمى قۇرئاندىن.[①]

---

مەزكۇر ماقالە مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان.

## «مەرىپەت» ژۇرنىلى ئوقۇرمەنلىرىنىڭ سەمىگە...

«مەرىپەت» ژۇرنىلىمىز 2003- يىلى 10- ئايدا يېسىللىك ئونئۈچ سان ژۇرنال سۈپىتىدە نەشر قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، جەمئىي توققۇز سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ئىدى. 2015- يىلى يېڭى يىلدىن ئېتىبارەن قايتا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان«مەرىپەت» ژۇرنىلىنىمىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئارقىلىق يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەن بولدى. كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولدى. بۇ بىر باشلىنىش. بۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىمىزنى سىلەرنىڭ ھەمكارلىقىڭلار ۋە ھەمنەپەسلىكىڭلار بىلەن مۇكەممەللىككە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرالىشىمىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

مەلۇمكى، بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، چەتئەللەردە ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋە تەھسىلىنى تۈگەتكەن بارلىق قېرىنداشلىمىزغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي- پىكىرلىرىنى بايان قىلىشى ۋە خەلقىمىزگە يەتكۈزمەكچى بولغانلىرىنى، ئىلىم- تەھسىل قىلىش يولىدىكى ھاسىلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز- ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ مەسىلىلىرىمىزنى بىرگە ھەل قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

ژۇرنىلىمىز جانابى ئاللاھ تائالانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن 2015- يىلى ئىچىدە 4 سان تولۇق چىقىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى. كېيىنكى سانلارنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ ياخشى چىقىشى ئۈچۈن ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىزنى قىممەتلىك پىكىرلىرى بىلەن تەمىنلىشىنى سورايمىز.

يېقىندىن بېرى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى توپلاش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن ئوقۇرمەن دوستلىرىمىز ژۇرنىلىمىغا مۇشتەرى بولدى. قەدىرلىك دوستلار! بىز مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ سانىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش ئۈچۈن سىلەرگە مۇراجىئەت قىلىۋاتىمىز. ھازىرغا قەدەر مۇشتەرى بولمىغانلارنىڭ ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مۇشتەرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى باھاسى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى | يىللىق باھاسى |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 | $30 |
| ئاۋسترالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 | A$35 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 004917610382764 | €25 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھېبىز قارىم | 00358409524426 | €25 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0031619965958 | €25 |
| شىۋىتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0735710908 | €25 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 | $30 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 | TL40 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 | TG1000 |